# ئالدار كوسا لەتىپىلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئالدار كوسا لەتپلرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

阿里达尔括萨笑话集/阿布都肉苏里·吾买尔整理.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2001.7
ISBN 7-5373-0879-9

Ⅰ.阿... Ⅱ.阿... Ⅲ.笑话-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第044053号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092毫米 1/32开本 2.5印张
2001年7月第1版 2001年7月第1次印刷
印数:1——3070 定价:4.00元

# مۇندەرىجە


ئالدارنىڭ تۇغۇلۇشى .................. 1

ئالدارنىڭ ئوغرىدىن ئات ئېلىشى .................. 5

ئالدارنىڭ سودىگەرلەرگە ئېشەك سېتىشى .................. 8

ئالدارنىڭ قىز ئورنىدا ياتلىق بولۇشى .................. 12

بايتال قۇلۇن تاشلىدى .................. 23

ئالدارنىڭ شەيتانلارنى ئۈچ قېتىم ئالدىشى .................. 25

ئالدارنىڭ بېخىل باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشى .................. 38

باخشى موماينىڭ ئۆلۈمى .................. 48

جازانىخورنىڭ 40 ئۆكۈزى .................. 57

پىخسىق بايىنى داۋالاش .................. 61

ئالدارنىڭ زالىم خاننىڭ 60 مىڭ تىللاسىنى ئېلىشى .................. 65

« كوسا » دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇشى .................. 69

ئالدارنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى ۋە ئېسىل خەزىنىسى .................. 74

# ئالدارنىڭ تۇغۇلۇشى

بۇرۇنقى زاماندا ئالدان ئىسىملىك مۆمىن ئادەم ياشىغان بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى قوي بېقىش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئىكەن. باققان قويلىرى بايغا تەۋە ئىكەن. ئۇ بايغا پادىچى بولۇپ ياللانغان كۈنى:

— بېگىم، خۇدا سىلىگە ھاجىتىمنى چۈشۈرۈپتىكەن، قويلىرىنى باقماقچى بولۇۋاتىمەن، «باشتا گەپ بولسا، ئايىغىدا سۆز يوق» دەپتىكەن. بېرىدىغانلىرىنى ئاۋۋال دەپ باقسىلا، — دەپتۇ. باي ئالدانغا:

— نېمە دەۋەتىسەنوي! بىزنىڭ ئۆينىڭ قانداقلىقىنى بىلمەسەنغۇ؟ قورسىقىڭ تويغۇدەك ئاش يەيسەن، ئۇچاڭ يېلىڭ قالمايدۇ، مالنى بېقىشىڭنى بىلىپ، قالغان ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەرمەمسەن، — دەپتۇ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن بار يەردە نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، ئاچچىق تەرىڭ يەرگە تۆكۈلسە تۆكۈلەر، ئەمما مېنىڭ دۆلىتىم تۆكۈلمەيدۇ. «بارنىڭ مايىقى، يوقنىڭ تايىقى» دېگەن گەپ بار، بۇنى بىلمەسەنغۇ؟ يۈزنى ھەيدەپ، بىرنى يېتىلەپ كېتىۋېرىسەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ «قورسىقىڭ تويغۇدەك ئاش يەيسەن» دېگىنى

راستـقا ئايـلـنـپـتـۇ . ئىشتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئالدان قـورسـقى « تويغۇدەك » ئاش يەيدىغان بوپتۇ . دېيىشكەن مۇددەت تـوشۇپ ، كېتىدىغان چاغدا باي ئالدانغا بىر ئۆچكىنى يېتىلىتىپتۇ :
ـــ كېتىمەن دەپ كېتىدىغان بولدۇڭ ، مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يېتىدىغان بولدۇڭ ، مانا بەرگىنىم ، « ئېلىشىپ قالساڭ ئۆچكە يىغ » دەپـتـىـكـەن ، مـانـا ئۆچـكە ، قوشكېزەك تۇغسا جۇپ بولىدۇ ، يەنە تۇغسا كۆپ بولىدۇ ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يۈز بولىدۇ . بۇنى بىر قـىلامـسـەن ، 100 قـىلامـسـەن ئىختىيارىڭ ، ئىش ھەققىڭ مانا شۇ ، ئەمـدى كـەتـسـەڭ كـېـتـىۋەرگىن ، بايقۇشۇم ، ـــ دەپتۇ . خاننىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارسا خان ئالداپتۇ . « شەرىئەت شۇنداق » دەپ قازى ئالداپتۇ . بازارغا بارسا سودىگەر ئالداپتۇ . « يېڭىلىشىپ يالپاق ئەتـتـىم ، ئۇنتۇپ قېلىپ يوغان ئەتتىم » دەپ ناۋايلار ، « يىپ دەپ يـىـپـەكـتـىن توقۇپتىمەن ، يۇڭ دەپ تىۋىتتىن توقۇپتىمەن » دەپ گەزمال ساتقانلار ئالداپتۇ . « جىن ـ پەرىلەر شۇنداق دېدى » دەپ بـاخـشـى ئالـداپتۇ . « كۆزۈڭنى يۇمساڭ كارامەت كۆرىسەن » دەپ ئوغـرى ئالـداپتۇ . ئالدانىي ئالداپ ، ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى ھېسابىغا كـۈن كـەچـۈرىـدىـغـانلار كـۆپـەيـگـەنـدە ، ئالـدان ئەرز ـ ھالىنى ئېـيـتـىـدىغان ئادەم تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ . ئوغلىنىڭ ئىتىنى قويىدىغان چاغدا :
ـــ ئارزۇلـۇق بـالامـىنىڭ ئىتىنى « ئالدار » قويااي . چۈنكى ، ئالدامچىلار كۆپەيگەن زاماندا تۇغۇلدى ، مېنى ئالدىغان ئۇياتسىزلار بۇنـىـمۇ ئالـدار يـاكـى بـولـمـىـسـا « كۆپ توسۇقتا بىر توسۇق » دېـگـەنـدەك ، ئالـدامـچـىلارغا توسۇق بولار ، دەپ ئوغلىنىڭ ئىتىنى ئالـدار قـويـۇپـتـۇ . ئۇ قـېـرىـغـىـنـىدا كۆرگەن ئوغلىنى ئەللەيلەپ ئولتۇرۇپ ، ئالدامچىلارنىڭ ئىنساپسىزلىقىنى قوشاقتا قېتىپ :

ئالدامچىلار كۆپىيىپ ،
ئارىدىن تويدۇم ، جىگەرىم .
ھەق ـ ئادالەت تېپىلماي ،
زاڭدىن ① تويدۇم ، جىگەرىم .
ئارسىز زامان ـ ئازابتىن ،
جاندىن تويدۇم ، جىگەرىم .
ئاجراتقۇچۇم بولسۇن دەپ
ئالدار قويدۇم ، جىگەرىم ...

دەپ خاپىلىقىنى باسىدىكەن .

بالا تېز ئۆسۈپتۇ ، تەلپۈنۈپ تىلى چىقىپتۇ ، ئەركىلەپ ئەقىل كىرىپتۇ . ئاتىسىنىڭ ئەللەيلىرىنى ئاڭلاپ سوئال سورىغۇدەك بوپتۇ :

— دادا سېنى كىم ئالدىدى ؟

— ھەق بەرمەي باي ئالدىدى .

— بېرىپ ئۇنىڭدىن ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىمەن .

— كۆڭلى قارا خان ئالدىدى .

— بېرىپ ئۇنى قان قاقشىتىمەن .

— بازاردىكى ساختىپەز تىجارەتچىلەرمۇ مەندەك بىر مۆمىن ئادەمنى كۆپ ئالداپ كەتتى .

— بازارغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئالىمەن .

— قازى ، موللا ، باخشى ، رەمـمال ، داخان ، ئوغـرىلارنىڭ ھەممىسى مېنىلا ئەمەس ، ئەلنى ئالدىدى .

---

① زاڭ — قانۇن — ت .

— قىنى مەن چوڭ بولايچۇ ، ئەل ئارىلاپ ، شۇ ئالدامچىلار بىلەن بىر تۇتۇشۇپ كۆرمىسەم ، — دەپتۇ بالىسى . ئۇ شۇنداق ئىدارە بىلەن چوڭ بولۇپ ، ئالدامچىلارنى ئالداش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ .

# ئالدارنىڭ ئوغرىدىن ئات ئېلىشى

ئالدار مەھەللىسىدىن چىقىپ يىراق بىر يۇرتقا پىيادە يول ئاپتۇ. چۆل - جەزىرىدە كېچىسى، سۇيى بار يەرلەردە كۈندۈزى يۈرۈپتۇ. بەزىدە يېزا - قىشلاقلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئايدەك يول يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر پادىچىنىڭ ئۆيىدە قونغان كۈنى ئۆيگە قوشنىسىنىڭ بالىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— جىغاي باينىڭ توقىلىنىڭ ① ئۆيىگە مۇتتەھەم ئوغرىسى بىر ئاتنى ئېلىپ كەلدى. رەڭگى چىلان تورۇق، قۇيرۇقى بىلەن يايلىسى قۇندۇز ئىكەن، چىشى مارجان، كۆزى يۇلتۇز ئىكەن، چاپسا شامالدىن، يېپىلسا قۇشتىن قالمايدىغان يۈگۈرۈك ئات ئىكەن. ئۇنى جىغاي باي ئۇيۇرگە ② قويۇپ، ئۇنىڭدىن ھەيۋەت، يۈگۈرۈك قۇلۇن ئالغىلى يىراق يۇرتتىن ئوغرىلىتىپ ئەكەپتۇ. تۆكىگە چاڭ قوندۇرماي، يىپەك يوپۇق يېپىپ، يىپەك نوختا سېلىپ يېتىلەپ كەپتۇ. دادام ئۇ ئايغىرنى كۆرۈپ: «ئۇرۇقنى ئەلگە تارقاتقۇدەك ئېسىل ئات ئىكەن، جىغاي باي ئۇنى كىشگە

---

① توقال — كىچىك خوتۇن.

② ئۇيۇر — بىر ئايغىرلىق يىلقا.

كۆرسەتمەي، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ كاردىن چىقىرىدىغان بولدى» دەيدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. جانىۋارنىڭ بىرەر بالىسىنى ئېلىۋالساق ئەجەب ياخشى بولاتتى ـ هە، — دېيىشىپ مالچىلار خۇرسىنىپتۇ.

— نېمانچە ئارمان قىلىدىغانسىلەر، مەن ئۇنى ئوغرىدىن سوراپ ئەكېلەي، ئاندىن سىلەر بىرەردىن قۇلۇنىنى ئېلىۋېلىڭلار، — دەپتۇ ئالدار.

— هەي ئەزىمەتەي، قەست قىلغاننى قان قىلغان، ئەلگە پۇتكەننىڭ هەممىسىنى يالماپ تويمىغان يالماۋۇز تۇرسا ئۇ...

— جىغاي باي ئۆزى كىيمىگەننى كىيدۇرۇپ، ئۆزى مىنمەيدىغان يۇگۇرۇك ئېتىنى مىندۇرۇپ ئوغرىلىققا سالغان ئالا قانات تۇرسا، ئۇ ساڭا قانداق قىلىپ ئاتنى بەرسۇن، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

— ئوغرى قاچان ماڭىدىكەن، قايسى يول بىلەن كېتىدىكەن؟

— ئەتە ئەتىگەندە ئەمەنلىك توقاينىڭ ئىچى بىلەن جىغاي باينىڭ خەق بىلمەيدىغان يەردىكى ئۆيىگە ماڭىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇگۈنلا ماڭاي، — دەپ ئالدار يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئەمەنلىك توقاينىڭ چىغىر يولىدىكى قېلىن چاتقاللىق ئارىسىدا مۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تاڭ سۈزۈلۈپ، توقالنىڭ قىمىزىغا تويۇپ يولغا چىققان ئوغرى كۈن قىزىغان چاغدا توقايغا كىرىپ كەپتۇ ـ دە، مۈگدەشكە باشلاپتۇ. ئالدارمۇ شۇنى كۈتكەن ئىكەن. ئۇ، ئوغرى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يېتىلىۋالغان ئېتىنىڭ نوختىسىنى

چىقىرىپ قېلىن توقاي ئىچىگە باغلاپتۇ ـ دە ، يىپەك يوپۇقنى ئۆزى ئۈستىگە يېپىپتۇ ، يۈزىگە لاي سۈركەپ ، نوختىنى بېشىغا سىلىتۋېلىپ ، ئوغرى يېتىلىگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ . سەل يىراقلاشقاندىن كېيىن ، بىردىنلا ئۆركۈگەننى دوراپ ئارغامچىنى كەينىگە تارتىپتىكەن ، مۆگدەپ قالغان ئوغرى كۆزىنى ئېچىپ «هاي ـ هوي » دەپ كەينىگە شۇنداق قارىسا ، ئات يوپۇقنىغا ئورالغان ، يۈزلىرى قاپقارا لاي بىرنېمىگە كۆزى چۈشۈپ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ ، ئۇنىڭ ئات دەپ يېتىلەپ يۈرگەن بىرنېمىسى كۆزىگە خۇددى ئالۋاستىدەك دەهشەتلىك بىرنېمە كۆرۈنۈپتۇ ، قارىسا هەدەپ چۇلۇۋۇرنى چىشلەۋاتقۇدەك ، بۇنى كۆرگەن ئوغرى ئېتىنى قامچىلاپ بەدەر قېچىپتۇ . ئالدار :

ـــ ئايغىر بالىسى دەپ ئالدىڭمۇ مېنى ، قاراڭغۇ توقايدا قالدۇرما مېنى ! ـــ دەپ يوپۇقنى لەپىلدىتىپ بىردەم قوغلاپ بېقىپتۇ .

ـــ يا بىسمىللا ، قۇل ـ قۇلاكەت ، يۈزۈڭ قۇرۇسۇن شۇم پالاكەت ، ـــ دەپ ئوغرى تېخىمۇ قېچىپتۇ .

ئۇ بېرىپ جىغاي بايغا بولغان ۋەقەنى ئەينەن ئېيتقان ئىكەن ، جىغاي باي ئوغرىنىڭ ئاستىدىن ئېتىنى ، ئۈستىدىن تونىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنى راسا دۇمبالاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ .

ئالدار كۆك قاشقا ئايغىرغا مىنىپ مەهەللىگە كەپتۇ . كەمبەغەللەرنىڭ بىرەردىن بايتىلنى يىغىپ ئايغىرغا ساپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا قازاقلارنىڭ « قازان ئات » دەيدىغان كۆك قاشقا يىلقىسىنىڭ نەسلى شۇنىڭدىن تۆرەلگەن ئىكەن .

# ئالدارنىڭ سودىگەرلەرگە ئىشەك سېتىشى

ئالدار كەمبەغەللەر بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ . ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن :

— دادا ، ئەمدى شەھەرگە كىرىپ سودىگەرلەر يەپ كەتكەن ھەققىڭنى تىرىلدۇرۇۋالىمەن ، — دەپتۇ ئالدار .

— يولۇڭ بولسۇن ، بالام !... ئايغىرىڭغا مىنىپ ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ بارغىن . ئاناڭنىڭ يېنىدا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر دانە تىللا بار ئىدى ، يول خىراجىتىڭگە شۇنى ئېلىۋالغىن .

— ماڭا ئايغىرنىڭ كېرىكى يوق ، قوي باققىلى چىققاندا مىنىدىغان كۆك ئېشىكىڭنى بەرسەڭلا بولدى . بىر تىللانى ئالسام ئالاي ، كۆپەيتىشكە لازىم بولار . ئاستىمغا بىر گىلەم سېلىۋالسام بولدى ، — دەپتۇ ئالدار .

ئالدار قولۇم - قوشنىلىرىدىن ئوبدان جابدۇقلارنى سوراپ ئېلىپ ئېشەكنى كېلىشتۈرۈپ ياساپتۇ ، ئۇنىڭغا كۆك قاشقا ئايغىرنىڭ يېپەك نوختىسىنى سېلىپ ، يېپەك يوپۇقىنىمۇ ئۈستىگە يېپىپ ، يايلىسىنى ئۆرۈپ ، دىڭگايتىپ باغلانغان كوكۇلىسىغا ئۆكە

قاداپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىر يېڭى گىلەم ۋە 200 غۇلاچ ئارغامچا ئېلىپ شەھەرگە كېتىپتۇ .

تاڭ سەھەردە شەھەردىكى مال بازىرىنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ، ئىككى ئادەمنى مەدىكارچىلىققا ئاپتۇ . ئۇلارغا بىر يەرنى سۈپۈرگۈزۈپ سۇ چاچقۇزۇپ ، ئوتتۇرىسىغا گىلەم ساپتۇ ، ئاندىن موما ئورناتقۇزۇپ ، ئارغامچا باغلىتىپ ، ئېشەكنى گىلەم ئۈستىگىلا باغلاپ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ ـ دە ، كونا كىيىملىك كىشلەرنى يېقىن يولاتقۇزماپتۇ . 200 غۇلاچ ئارغامچىدا ياسالغان قورۇنىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى خىزمەتچى تۇرۇپتۇ . قورۇنىڭ ئاغزىدا شۇ يۇرتنىڭ ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ ئالدار تۇرۇپتۇ .

— تەقسىر ، بۇ نېمە كارامەت ؟ باي ۋە خانزادىلەر ئولتۇرىدىغان گىلەمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بۇ قانداق ئېشەك ؟

— كەينىڭگە يان ! ئاستا سۆزلەڭلار ... باي ـ خانزادىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن گىلەمدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟

— بىلمەيدىغان ... مال ـ دۇنياسى كۆپ بولغاندىكىن ئولتۇرىدۇ .

— ھەببەللى ، مانا بۇ ئېشەكلەر ئىچىدىن چىققان ئەڭ كاتتا باي ئېشەك ، ئالتۇنى جىق خانزادە ، مېغىز يەپ ، سۈت ئىچىپ ، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك ، ساتاي دەپ بازارغا ئېلىپ كەلدىم .

— تووۋا ... جاھاندا ئاڭلىمىغان گەپلەر خېلى كۆپ ئوخشىمامدۇ ؟ ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەكمۇ بار ئىكەن ـ ھە ؟ ... — دېيىشىپتۇ بازاردىكى ئاددىي ئادەملەر .

ئالدارنىڭ 20 تىيىنگە ئالغان جارچىسى بۇ يېڭى خەۋەرنى « ئەپيۇھەنناس » دەپ توۋلاپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر قىلىۋېتىپتۇ :

خان بازىرىدا ئىشەك بار ،
ئۈستىدە گىلەم ، يىپەك بار .
يىلدا بىرەر يۈز تىللا ،
ساناپ باق ، كىمدە ھېساب بار ؟ ...
ئۆرۈم ماڭلاي ، يىپەك يال ،
پۇلى بارلار قۇلاق سال .
قىرىق مىڭ تىللا باھاسى ،
پۇلۇڭ يەتسە ئېلىپ قال ...

دەپ دۇكانـدارلارغا كـۈلـۈمسـىرەپ قاراپ تەكلىپ بېرىپتۇ . بۇ ئاجايىپ ئىشەكنى كۆرۈش ئۈچۈن شەھەردىكى ھەممە سودىگەرلەر يىغىلىپتۇ . ئالدار ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، پۇلدارلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئىختىيارىغا كۆندۈرۈپ ، ئېشىكىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ قويۇپ ، قويىنىدىن ئالغان كۈمۈش قاچىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا قويسا ، يىپىشتۇرۇپ قويغان بىر تىللا جىرىڭڭىدە چۈشۈپتۇ . ئۇنى كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆرسىتىپ :

— بۇ مېغىز يەپ ، سۈت ئىچىدىغان ئىشەك ، تاغ - سەھرادا مېغىز يوق . شۇڭلاشقا ، ئادەتتىكى ئوت - خەشەكنى يەپ ، سۈت ئىچىپ كۈنىگە ئۈن تىلادىن ئارتۇق تېزەكلىمەيدىغان بولۇپ قالدى . يەتتە كۈن يول يۈرۈپ سۈتمۇ ئىچمىگەن بىچارە ئىشەك مانا ئەمدى بىر تىللانى ئاران چىقىرالىدى ( قولىدىكى تىللانى يەرگە تاشلىۋېتىپ ) ، چىقارغان تىللاسى مانا مۇشۇ ، ... — دەپ ئۇنى يانچۇقىغا ساپتۇ . ئارقىدىن يەنە — مۇنداق خەزىنىنى كىمنىڭ ساتقۇسى كېلىدۇ ؟ ئىچىگە ئالتۇن توپلاش

ئۇچۇن بۇنىڭغا ئارام كېرەك . كونا كىيىملىكنى كۆرسە ئۇركۈيدۇ ، يالىڭاچتىن يىرگىنىدۇ . دۆلەتمەنلەرنى ياخشى كۆرىدىغان جانىۋار ، كۆچمەنلەرنى ياقتۇرماي كۆپ قېتىم ئاغرىپ قالدى ... — هە ، ئىچى ئالتۇنغا لىق بولغىنى ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ - دە ، ئەلۋەتتە ، — دەپتۇ .

— قانداق قىلسا ئالتۇننى كۆپرەك چىقىراتتى ؟ ... — دېيىشىپتۇ سودىگەرلەر .

— ئالتۇن سىر بىلەن سىرلاپ مەخسۇس ئۆي ياسالسا ، تېگىگە بەلەن گىلەم سېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە باغلانغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىكى چىڭ ئېتىلسە ، سىرتىدىن ئىككى تۆشۈك ياسىلىپ ، بىرسىدىن سۇت ، يەنە بىرسىدىن مېغىز بېرىلسە ، 40 كۈندىن كېيىن ئىشكنى ئاچقان كىشى 40 قاپ ئالتۇننى ئۇسۇپلا ئالىدۇ . تېزەكلەشنىڭ نېمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى باشقىلار بىلمىسمۇ ، ئەمما سودىگەرلەر ئوبدان بىلىدۇ . كىرىش - چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك . ئوزۇقى كۆپ بولسا ، ئۈنۈمىمۇ كۆپ بولىدۇ .

سودىگەرلەر سالا - سۇلھى ، تالاش - تارتىش قىلىپ سودىلىشىشقا باشلاپتۇ . ئالدار :

— 40 مىڭ تىللادىن بىر تىيىن كەم بولسا ساتمايمەن ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ .

ئاخىر ئۆزئارا پۇتۇشۇپ ، 40 سودىگەر شېرىكلىشىپ ، دېگىنىنى بېرىپ ئاپتۇ - دە ، 1000 تىللاغا ئۆي سېلىپ ، 100 تىللاغا گىلەم ئېلىپ ، ئېشەكنى باغلاپ ، ئىشكنى چىڭ تاقاپ ، كۈنلۈك ئوزۇقىنى 40 ى بۆلۈشۈپ ، كۈندە 80 چېلەك سۇت ، 40 چارەك مېغىزنى تۆشۈكتىن تۆكۈپتۇ .

ئالدار بولسا 40 مىڭ تىللانى ئېلىپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ .

# ئالدارنىڭ قىز ئورنىدا ياتلىق بولۇشى

ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەكنى سېتىۋالغان سودىگەرلەر ئېشەكنى قۇلۇپلاقلىق ئۆينىڭ سىرتىدىن 40 كۈنگىچە سۈت بىلەن مېغىزنى تۆكۈۋېرىپتۇ. ئۇلار:

— «سەن ئاز بەردىڭ - سەن ئاز بەردىڭ، مېغىزنىڭ ئاچچىقكەن، سۈتتۆگە سۇ قوشۇۋېتىپسەن» دېيىشىپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ، كۆز ئالايتىشىپ، ماجىرالىشىش بىلەن 40 كۈننى تەستە توشۇپتۇ.

— ئەتە ئېشەكنى ئاچىمىز، ئالتۇننى قانداق بۆلۈشىمىز؟ ئاۋۋال مۇشۇ ئىشنى كېلىشىۋالايلى، — دېيىشىپتۇ. بەزىلىرى:

— ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچى تار بولماي، كەڭ قورساق بولايلى، 40 كۈن تۇرماق 45 كۈنگىمۇ چىدىدۇق، ئەمدى 40 تەڭگىگە چىداپ، بازاردىن بىر قوي سېتىۋېلىپ، نەزىر قىلىپ، ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان قىلدۇرايلى، يار - بۇرادەرلىرىمىزنىمۇ چاقىرىپ ئېشەكنى دەرقەمتە ئاچايلى، — دېيىشىپتۇ.

بۇلار باشتا مۇشۇ ئىشلارغا كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، قوي سويۇپ، تەرەت ئېلىشىپ، خەتمە ئوقۇتۇپ، نامازلىرىنى ئۆتەپ،

ئالتۇن قاچىلايدىغان قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، ئالتۇننى ئادىل بۆلۈپ بېرىشكە ئىمامنى خالىس قىلىپ تەيىنلەپتۇ .

« بىسمىللا » دەپ ئىمام ئىشكنى ئېچىشىغىلا سېسىق پۇراق تالا ـ تۈزنى بىر ئاپتۇ . ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلگەن ئېشەكنىڭ جەسىتى بىلەن 80 چېلەك سۈت ، 40 چارەك مېغىزنىڭ 40 نەچچە كۈندىن بۇيانقى سېسىقچىلىقى قوشۇلۇپ پۈتۈن شەھەرنى سېسىتىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ « سۇبھانالللا » دەپ ئىمام كەينىگە يېنىپتۇ . سودىگەرلەر بولسا چىرىندىگە ئېتىلىپتۇ . ئۇلار كەچكىچە چىرىندىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ ، ئالتۇن تاپالماي ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپتۇ . « ئوغرىنى قاراقچى بۇلاپتۇ » دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ يادىغا شۇ چاغدا چۈشۈپتۇ .

40 سودىگەر ئەتىسى ئەتتىگەندە خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ۋاي تەقسىر ، ساقالسىز بىر هارامزادە ئالتۇن تېزەكلەيدۇ دەپ كۆك ئېشەكنى بىزگە سېتىپ ، 40 مىڭ تىللايىمىزنى ئېلىپ كەتتى . سودىمىز سۇغا چىلىشىپ ، يانچۇقلىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالدى . جانابىي تەقسىر ، مەرھەمەت قىلىپ ئادەم قوشۇپ بەرگەن بولسىلا ، بىز ئۇنى تېپىپ كەلسەك ، ئالتۇنلىرىمىزنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا ، — دەپ تىز پۈكۈپتۇ .

خاننىڭ قوشۇپ بەرگەن ئىككى چاپارمەننى باشلاپ سودىگەرلەر ئۇنى ئىزدەشكە چىقىپتۇ . ئىزدەپ سوراپ ئالدارنىڭ مەھەللىسىگىمۇ كەپتۇ . باشقىلاردىن ئالدىن خەۋەر ئاڭلىغان ئالدار مەھەللە سىرتىغا چىقىپ ، بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا ئايرىم ئۆي تىكىپتۇ ، ئاندىن ئايالچە كىيىمنى كىيىپ ، قۇپقۇرۇق ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ ، سودىگەرلەر كېلىشىپتۇ .

— ئالدار ، بۇياققا چىق !

— دادام ئۆيدە يوق ، كەتكىنىگە ئالتە كۈن بولدى ، 60 كۈن يول يۈرمەكچى ، ئالتە ئاي تۇرماقچى ، ئالتە ئاي مەھەللە ئارىلايدۇ ، « ئات يوق كۈنى قايتىپ كېلىمەن » دەپ كەتكەن .

— كۆك ئېشەك ساتقان ئالتۇن قەيەردە ؟

— ئۇنى قانداق قىلماقچىسىلەر ؟

— ئۇ ئالدىغان سودىگەرلەر بىز بولىمىز ، ئۇنى خانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئالتۇنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز .

— دادامنىڭ ساتىدىغىنى يالغۇز ئېشەكمىدى ؟ ... ھېچىق تېزەكلەيدىغان ئات ساتىدۇ ، ئۈنچە - مارجان چىقىرىدىغان بۇقا ساتىدۇ ، يەنە سىلەرگە ئاپىرىپ سېتىشقا گۆھەر قۇمۇلاقلايدىغان تۆگە ئېلىش ئۈچۈن بىر خالتا ئالتۇننى يۇدۇپ كەتتى .

— ھە ، بىز ئالتۇنىمىزنى ئالىمىز دەپ يۈرسەك ، ئۇ يەنە بىزنى ئالدايمەن دەپ يۈرۈپتۇ - دە ؟ ... ئۆزۈڭ بۇياققا چىققىنا ، جامالىڭنى كۆرۈپ ، كىملىكىڭنى بىلەيلى ، — دەپتۇ تېخىچە ئات ئۈستىدە تۇرغان سودىگەرلەر.

— چىقمايمەن ، دادام ماڭا : « سېغىز چاپاپ سەمرىمە ، كىشى كەلسە كۆرۈنمە » دېگەن ، مېنىڭ نېمەمنى كۆرۈشكە خۇمار بولۇپ قالدىڭلار ! ئالدارنىڭ ئاجايىپ ئىسمىلىك ، خۇددى ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر تال قىزىمەن ! دادامنى كۆرگەن بولساڭلار ، مېنى كۆرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ .

— مۇشۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ تۇرامدۇق - ھە ، ئۆيگە ئۆزىمىز كىرىپ كۆرمەيمىزمۇ ؟ — دەپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ سودىگەرلەر . ئالدار بولسا :

— ۋاي شورۇم قۇرۇسۇن ! بۇ نېمە دېگەن ئۇياتسىزلىق ،

يالغۇز ئۇلتۇرسام تۆپلەپ كىرگىنىڭلار نېمىسى ؟ — دەپ قارا ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسىۋالغان چىچىنى پۇلاڭلىتىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۆي سەرەمجانلار نەدە ؟

— ۋاي نېمە گەپ بۇ ... نېمە سەرەمجان ... ھاۋا يەپ چىشنى كولاپ ، شامال ئۇچۇپ يۈرگەن ئۆيدە نەدىمۇ سەرەمجان بولسۇن ! ... تۆت قانات كەرەگە ①، يەتمىش تال ئۇۋۇق ②، تۈڭلۈك يابقۇچ كىگىز ، يان ياغاچ ھەم بوسۇغا ، ئالدارنىڭ ئۆي سەرەمجىنى مانا مۇشۇ . بۇنىڭدىن ئارتۇق سەرمجاننىڭ نېمە كېرىكى بار ...

سودىگەرلەر ھاڭ - تاڭ قېلىپ ئېغىزلىرى ئېچىلىپتۇ ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئاران زۇۋان سۈرۈشۈپتۇ :

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز ؟

— يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ھازىر ئالماي تۇرايلى ، ... لېكىن دادىسىغا ساقلىساق ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمىز .

— شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلگىنى نېمىسى ؟ ئۆيدە بارى شۇ ، سېغىز چايناپ يېتىۋەرمەمسىلەر ؟ ئاخىرقى زامانغا ھەپتە قالغاندا دادامۇ يېتىپ كېلىدۇ .

— كۆڭلىكى بىلەن چىچى قىز بالىغا ئوخشايدىكەن ، رەڭگى بىلەن ئاۋازى قۇيۇپ قويغاندەك دادىسىغا ئوخشايدىكەن . دادىسىغا شۇنداقمۇ ئوخشايدىغان قىز بولىدىكەن - ھە ، دېيىشىپتۇ . سودىگەرلەر ئالدارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ :

---

① ② كەرەگە ، ئۇۋۇق — كىگىز ئۆينىڭ ياغاچلىرى .

— قېنى، قانداق قىلىمىز ؟
— كۆچمەن خەقنىڭ ئاخىرقى زامانى قاچان بولاتتى ؟
— ئۇنى مەن نەدىن بىلەي، قازى بىلەن مولللار « ۋاقتى يەتتى » دەيدۇ، باشقىلار « ئۆتۈپ كەتتى » دەيدۇ. قاچان بولىدىغانلىقىنى دادام كەلگەندىن كېيىن ئۆزىدىن سوراپ ئۇقۇۋالامسىلەر.
— ئېتىم ئاجايىپ دېگەنمىدى ؟
— ھەئە، شۇنداق دېگەندەك قىلىۋىدى.
— بۇنىڭ ئېتىدىنمۇ بىر شۇملۇق مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغۇ ؟ ...
— ھەي قىز، ئالدىراپ ئاران يېتىپ كەلدۇق. ئىچكۈدەك بىرنېمەڭ يوقمۇ ؟
— ھە، بولمامدىغان ! سودىگەرلەر « پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا » دېگەن ئىكەن. پۇلۇڭلارلا بولسا ئاش تېپىلىدۇ.
— پۇل بېرەيلى، ئاش تېپىپ بەرگىن، بولامدۇ ؟
— بوپتۇ، پۇلۇڭلارنى بېرىڭلار.
سودىگەرلەر پۇل بېرىپتۇ. ئالدار يانچۇقىدىن مۇشتتەك بىر پارچە سېغىزنى ئېلىپ، بەش سودىگەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ.
— ھوي، نېمەڭ بۇ ؟ ...
— سېغىز دېگەن ئاش مۇشۇ شۇ، چايناپ - چايناپ سۈيىنى يۇتۇۋەتسەڭلار كۆڭلۈڭلار خۇش بولىدۇ.
— دادىسى ئېشىكىنى سېتىپ ئالتۇنلىرىمىزنى ئالداپ ئېلىۋىدى، ئەمدى قىزى سېغىز چايىنىتىپ قېنىمىزنى قىزىتىدىغان بولدى، بۇ يەردە ساقلاۋېرىپ تۈگىشىدىغان ئوخشايمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ قىزنى خانغا ئاپىرىپ بەرمەيمىزمۇ ؟ قىزنى ئىزدەپ

دادىسى بارار ، خان يىغىشتۇرۇپ ھەممە ۋەسلىنى ئالار ... — دەپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدارنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ .
— تەقسىر ، ئالدارنى ئالتە ئاي ئىزدىدۇق ، ئېتىمىز ھېرىپ ، تونىمىز توزۇپ تۈگىدى . ئۆي - ئورمانلارنى كېزىپ يۈرۈپ ئۆيىگىمۇ باردۇق ، ئۆزىنى تاپالماي خۇددى ئۆزىگە ئوخشايدىغان قىزنى تاپتۇق . ئۇ قىزنى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدۇق .
— قىزى چىرايلىقمىكەن ؟
— قىز دېگۈچىلىك قىلىقمۇ يوق ، تەقسىر ... ئاتىنىڭ قۇيرۇقىدەك يىرىك چىچى بار ؛ گۈرجەكتەك ئاپئاق چىشى بار ؛ ئاۋازىنى دېسىلە خۇددى ئەركىشىدەك ؛ ئاتقا مىنسە ئاستا ماڭمايدۇ ؛ ئايالغا لايىق نازاكىتى ، شەھەرگە مۇناسىپ بىرەر خىسلىتى بولسىغۇ كاشكى ، ئاتقا منسلا چېپىپ ئېتىمىزنى جۇدەتتى ، شەھەرگە كەلگۈچە ھالىمىز كەتتى ؛ بىزدە تۇرسا قېچىپ كېتەر ، سىلىدە بولسا ئەسكەرلەر كۆزىتەر ، مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ دادىسىدىن ئالتۇنىمىزنى ئېلىپ بەرسىلىكەن ، چىققان چىقىملىرىنى بىز تۆلىسەك ، — دېيىشىپتۇ سودىگەرلەر .
— بولىدۇ ، — دەپتۇ خان ، — سەھرا قىزلىرى شۇنداق قوپاللىراق چوڭ بولىدۇ ، قىزلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆگىنىپ قالار ، ئاپىرىپ قىزلىرىمغا قوشۇپ قويۇڭلار !
خاننىڭ رەسىدە بولغان تۆت قىزى ۋە ئۇ قىزلارنىڭ 40 كېنىزىكى بار ئىكەن . ئالدارنى ئاپىرىپ شۇلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ .
ئالدار ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن خاننىڭ چوڭ قىزى ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ، سەھرا قىزى بىلەن تونۇشۇپتۇ ، دوستلىشىپتۇ . ئۇلار راۋاقتا ئولتۇرۇپ باش بېقىشىپتۇ ، ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى تارىشىپتۇ . مۇڭدىشىپ ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپتۇ .

— توخۇ يىلىدا تۇغۇلۇپتىكەنمەن، 23 كە كىردىم، — دەپتۇ خاننىڭ قىزى.

— مېنىڭ يىلىم قىرغاۋۇل ئىكەن، يېشىمىز تەڭ چىقتى، — دەپتۇ ئالدار.

— بارە نېرى ... قىرغاۋۇل يىلى دەپمۇ يىل نامى بولامدۇ؟

— ھەي ئاداش، بوينۇڭغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەي، خاننىڭ قىزى بولساڭمۇ تېخى بىلمەيدىغىنىڭ جىق ئىكەن. شەھەردە قىرغاۋۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىلنىڭ نامىنى توخۇ دەپ قويغان گەپ، سەھرادا توخۇ يوق، ئۈچۈپ يۈرگەن قىرغاۋۇلنى كۆرۈپ شۇنىڭ ئىسمىنى قويغان. مەيلى يۈركۈت بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئىككىمىز بىر يىلدا تۇغۇلغان ئىكەنمىز.

— سېنىڭ چېچىڭ ئايغىرنىڭ يايلىسىدەك يىرىك تۇرىدىغۇ؟ — دەپتۇ خاننىڭ قىزى.

— ئۆزۈممۇ قىزنىڭ ئايغىرى بولغىنىم ئۈچۈن چېچىممۇ ئۆزۈمگە لايىق بولغان ـ دە ...

— ۋايجان، نېمە دەيدۇ ماۋۇ، قىزنىڭمۇ ئايغىرى بولامدىكەن؟ ...

— مەن نەدىن بىلەي ئاداش، مەھەللىمىزدىكى باينىڭ قىزلىرى ئويناپ يۈرگەندە مېنى سۆي ـ مېنى سۆي دېيىشەتتى ...

قىزلار كۈلۈۋېرىپتۇ، ئالدار ئارىلىشىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. دادىسىمۇ ئىزدەپ كەلمەپتۇ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

* * *

خاننىڭ رەسىدە بولغان تۆت قىزىنىڭ خەۋىرى ئەل

ئارىسىغا تارقىلىپ، قوشنا ئەلدىكى مەشھۇر بىر خاننىڭ شاھزادىسى قىز كۆرگىلى كەپتۇ. خەزىنىسى كەڭ، دىرىزىسى تەڭ شاھزادىنى قىزنىڭ ئاتىسى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ.

— تۆتىلىسىنىڭ يۈزى ئىچىلمىغان، قايسىسىنى خالايدىغانلىقىنى شاھزادىنىڭ ئۆزى بىلسۇن، — دەپتۇ خان ئەلچىگە.

خاننىڭ قىزلىرى زادى كىشىگە كۆرۈنمەيدىكەن. قىز تاللاش ئۈچۈن شاھزادە بىر مومايغا پۇل بېرىپ ئۇنى قىزلارنىڭ سارىيىغا كىرگۈزۈپتۇ. موماي بىرنەچچە كۈن قىزلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنچىكىلەپ سىناپ بېقىپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ:

— خاننىڭ تۆتىلى قىزىنى كۆردۈم: — بىر قىزى ساپسېرىقكەن. ئۇ، چاي بىلەن ياغنى جان دەيدىكەن، تەرلەپ - پىشىپ ئىچىۋېرىدىكەن. تاماق تاللىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شالدىر - شالاق، ئۆي ئىشى بىلەن كارى يوقتەك سېزىلىدۇ. بالا ئۈچۈن ئالساڭ بەرىكەتلىك بولۇر، باداڭدەك قورسىقى يەل بىلەن تولۇر.

— بىر قىزىنىڭ ئىككى مەڭزى ئانار ئىكەن، شارت - شۇرت سۆزلەيدىكەن، قاقاقلاپ كۈلىدىكەن. ئالدىرىماي چايناپ تەستە يۇتۇپ، نەدىكى نەرسىلەرنى سوراۋېرىدىكەن، چاقچاققا تېرىكىپ، كۈلۈۋېتىپ يىغلايدىكەن. قىمىرلىسا قېپىدايدىغان، قىل ئۈستىدىن تىك تۇرىدىغان قىز ئىكەن... ئۇنى ئالىمەن دېسەڭ ئىختىيار يەنە ئۆزۈڭدە.

— يەنە بىرى قارا قۇمچاق، كۆرۈنۈشى سىپايە، نازۇلىنىپراق يۈرىدىغان قىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم، بىرنى تاشلاپ،

بىرنى كىيىپ ، كىيىملىرنى ئىلماي ، ھەر يەرگە تاشلاپ ، ئاستىنى ئەخلەت ، ئۈستىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كېتىپتۇ . « بۇ قانداق قىلىق» دېۋىدىم ، زۇۋان سۈرمىدى ، ياراتمىدىمىكىنتاڭ ئېھتىمالىم ، ئىش قىلىپ ، ئېچىلىپ سۆزلىمەيدىغان ، باتناپ يىگىدىغان ، راستىنى ئاڭلىمايدىغان ، يالغاننى ئاڭلاپ ھارمايدىغان جىمغۇر ئىكەن . ئۇنى ئالىمەن دېسەڭ زادىلا رازى ئەمەسمەن .

— تۆتىنچى قىزنىمۇ كۆردۇم ، يامانكەن دېيەلمەيمەن ، سىپىلىك لايىقىكەن ، ئالغىن دەپمۇ ئېيتالمايمەن . گۈزەللىكى گۈزەلكەن ، ئەمما چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ ... ئۇنى كۆرسەڭ شاختىن ـ شاخقا قونغان ، ئالا قانات كېپىنەكنىڭ ئۆزى دەيسەن . ئاغزىغا كەلگەننى ياندۇرماي سۆزلەۋېرىدىكەن . خان قىزى بولغىنى ئۇچۇن ھاياسىز ئۆسكەن ئەركە ناينىقمىكىن ؟ .... ئەيتاۋۇر شۇ سارايىنىڭ ئۇچقۇر بىر ئالۋاستىسى ! .. ئالىمەن دېسەڭ ، مەيلى ئال ، كېيىنلىكىگنى بىلىپ قال .

— خېنىملارنىڭ 40 كېنىزىكىنىمۇ كۆردۇم ، قالايمىقان يەپ ـ ئىچىۋېرىپ سەمرىپ كەتكەنمۇ ياكى قورساقلىرىغا يەل تولۇپ قەتكەنمۇ ، پىچىمى كېلىشكەن ، قىز سىياقى بار بىرەرسىنى تاللىيالماي بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىم .

— قاملاشقانراق قىزدىن بىرى بار ئىكەن ، قىز بالا بولغان بىلەن ئۇستىخىنى خۇددى ئەركىشگە ئوخشىشىدىكەن ، ھايالىق ئىكەنلىكىدىنمۇ ياكى باللىقىدىنمۇ ھەرقانچە چاقىرسام يېنىمغا كەلگىلى ئۇنىمىدى . ئەگەر سەن قىز ئالىمەن دېسەڭ شۇنى ئال . چوڭ بولسا شۇ ئەسقاتقۇدەك خوتۇن بولار ، — دەپ موماي شاھزادىگە مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ .

شاھزادە سەھرا قىزىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خانغا ئەلچى

ئەۋەتىپتۇ . خان ئۆزىنىڭ ئوردىسىدىن مەشھۇر بىر شاھزادىنىڭ قىز ئالماقچى بولغانلىقىدىن ماختىنىپ :

ـــ شاھزادىنىڭ دېگىنى بولسۇن ، سارايدىكى قىزنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى ، خالىغىنى ئۇنىڭكى ، ـــ دەپتۇ .

خان تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ ، ئالدارنى ئەرگە بېرىۋېتىپتۇ . شاھزادە ئاغىچىسى بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ ، لېكىن ئۇ ئۆيىگە خوتۇنسىز كەپتۇ . شاھزادە ھەدەپ قايغۇرۇشقا باشلاپتۇ . قىلىچە قاپىقىنى ئاچماپتۇ . نېمە ئۈچۈن خوتۇننى يېرىم يولدا تاشلاپ كەلگەنلىكىنىڭ سىرىنى ئەلگە ئاشكارىلىماپتۇ .

« قىزنى ئۇزىتىپ » 10 كۈن ئۆتكەندە بېشىغا كەمچەت تۇماق ، ئۇچىسىغا بۆرە جۇۋا كىيىپ خان ئوردىسىغا ئالدار كەپتۇ .

ـــ تەقسىر ، شەھەردىكى سودىگەرلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . مەن يوق چاغدا ئۆيۈمگە بېرىپ ، بار ۋەسلىمنى بۇلاپ ، دۇنيادا بار ـ يوقى بىرلا قىزىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ . مېنىڭ ئۇلارغا ئېشەك ساتقىنىم راست ، ئۇنى پۈتۈن شەھەر ئەھلى ئوبدان بىلىدۇ . ئېشىكىمنى بېقىشقا ئالغان ئىككى چاكىرىممۇ بار . سودىمىزنى پىشۇرغان دەللال ـ بېدىكلەرمۇ ھايات . شۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىشىپ ، پۈتۈشۈپ ، كەيىندىن ئالتۇننى قولۇمغا چۈشۈرۈپ ئېشىكىمنى بەرگەنمەن ؛ ئادالەتلىك شاھىم ، ئاق ـ قارىسىنى ئايرىپ بېرەرمىكىن دەپ ئالدىڭىزغا كەلدىم ، قىزىمنى ئېلىپ بەرسىڭىز ، ـــ دەپتۇ .

ـــ سودىگەرلەردىن ئالغان ئالتۇننىڭ ھەممىسى ھېچ سوراقسىز سېنىڭكى . قىزىڭ بىزنىڭكىدە ئىدى ، قوشنا ئەلنىڭ گەپ ئۇقمايدىغان شاھزادىسى ئوردا ئارىلاپ تاللاپ ، شۇنى بەر دەپ زارلاپ ئېلىپ كەتتى ، ـــ دەپ شۇ گەپنى دېيىشى بىلەن

تەڭلا ئالدار بولۇشقا يىغا باشلاپتۇ :

— ۋاي جېنىم تەقسىر ، بۇ نېمە قىلغانلىرى ! بىرلا قىز ئىدى ، رەڭگىرويى خۇددى ئۆزۈم ئىدى . ياللا ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ! قىزسىز قانداق ياشارمەن ... قىزىم بۆشۈكتىكى چېغىدا كېلىشىپ قويغان قۇدام بار ئىدى ، ئۇلاردىن قىزىمنىڭ بەدىلىگە ئالدىن ئىككى خالتا ئالتۇن ئالغان ئىدىم . ئەمدى ئۇلار « كېلىنىمنى بەر » دېيىشىۋاتىدۇ . ئادالەتلىك خان قايتۇرۇپ بېرىدۇ ، دەپ سىلىگە بەك ئىشىنىۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ، تەقسىر ... — دەپ ، ئوردىنىڭ ئىچىدە يالغاندىن ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاۋېرىپتۇ .

خان ۋە بەگلەر ئولىشىپ ، « سەۋر قىلغىن » دەپ تەسەللى بېرىپتۇ . ئاخىر ئۇلار كېلىشىپ پۇتۇشۇپتۇ . خان خەزىنىسىدىن ئايىماي مال سوۋغا قىپتۇ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى قوشۇپ بېرىپ :

— سېنىڭ قىزىڭنى مەن تالالىق قىلدىم ، ئەمدى مېنىڭ قىزىمنى سەن تالالىق قىل ، قۇداڭ ئەخمەق بولمىسىلا ئۇناپ قالار ، — دەپتۇ . ئالدارمۇ رازى بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مال - دۇنيانى يۈكلەپ ، قىزنى يېتىلەپ ئالدار ئۆز يۇرتىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ .

# بايتال قولۇن تاشلىدى

ئالدار مال ـ دۇنيا بىلەن خاننىڭ قىزىنى يېتىلەپ يۇرتىغا كېتىۋېتىپ تاغدىكى چارۋىچىلارنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بۇ مەھەللىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن موللىلارنىڭ ھەممىسى ھەپتە بۇرۇن كىشنىگەن بىر ئاتنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقۇدەك. ئالدار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىر موللىدىن سورىسا، موللا:

— ئارقا تاغنىڭ يېنىدا بىر شەھەر بار، شەھەردە ناھايىتى قۇۋ بىر بەگ بار، ئۇ، شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا، يەنە بىزگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، بولمىسا قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ. ھەپتە بولدى، بەگنىڭ بىر بايتىلى قۇلۇن تاشلىۋېتىپتىكەن، بەگ «تاغدىكى ئايغىرلارنىڭ كىشنىشى بىلەن بايتال قۇلۇن تاشلىۋەتتى» دەپ، ئادەم ئەۋەتىپ تاغدىكىلەرگە قۇلۇننى تۆلەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. شۇڭا، بىز شۇ چاغدا كىمنىڭ ئايغىرى كىشنىگەن بولسا شۇ تۆلىسۇن، دەپ سۈرۈشتە قىلىۋاتىمىز، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالدار كۆپچىلىككە:

— بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىششقا مېنى ئەۋەتىڭلار! بىراق، سىلەر ماڭا بىر ئۆكۈز بىلەن بىر مىلتىق بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇنىڭ قېشىغا ئۆكۈز مىنىپ، بىر ئوغلاقنى

ئېلىپ بارىمەن ، — دەپتۇ . كۆپچىلىك ئۇنىڭ نېمە ھۈنەر ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، دېگەن نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ ، ئالدار مال - مۈلكى بىلەن ھېلىقى خاننىڭ قىزىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى شەھەرگە يول ئاپتۇ . ئالدار شەھەرگە كىرىپ ئۇدۇل بەگنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ .

— سىلەرنىڭ ئەمەلدارىڭلار بىلەن مولىلىرىڭلار قېنى ؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ . ئالدار :

— سىلىگە ئەمەلدارلىرىمىز كېرەكمۇ ؟ ئۇ مېنىڭ ئاستىمدىكى ئۆكۈزدەك كالۋا . سىلىگە مولىمىز كېرەكمۇ ؟ ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدىكى ئوغلاقتەك قورقۇنچاق . نېمە گەپلىرى بولسا مۇشۇلارغىلا ئېيتسىلا ! — دەپتۇ - دە ، بەگنىڭ ئىتىنى ئېتىۋېتىپتۇ .

— ساراڭ بوپقالدىڭمۇ ؟ نېمىشقا ئىتىمنى ئاتىسەن ؟ — دەپتۇ بەگ شۇئان .

— تاغدا بىزنىڭ قويلىرىمىزنى بۆرە يەپ كەتسە ، ئىتلىرى شەھەردە تۇرۇپ نېمىشقا قاۋىمايدۇ ؟ بۇنداق ئىتنىڭ نېمە كېرىكى بار ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلتۈرۈۋەتسەكلا بولىدۇ ، — دەپتۇ ئالدار .

— ئارقا تاغ بۇ يەرگە ئاز دېگەندىمۇ 50 چاقىرىم كېلىدىغان تۇرسا ، قويلىرىڭلارنى تاغدا بۆرە يەپ كەتسە ، ئىتىم شەھەردە تۇرۇپ ئۇنى قانداق بىلىدۇ ؟ — دەپتۇ بەگ .

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئايغىرلارنىڭ كىشنىگىنىنى بايتاللىرى قانداق ئاڭلىيالايدۇ ؟ بايتاللىرىنىڭ قۇلۇن تاشلىغانلىقىنى نېمىشقا بىزدىن كۆرىلا ؟ — دەپتۇ ئالدار . بۇنىڭ بىلەن بەگ قىلىدىغان گەپ تاپالماي قاپتۇ ، ئالدار بولسا غەلىبە بىلەن تاغقا قايتىپ كېتىپتۇ .

# ئالدارنىڭ شەيتانلارنى
# ئۈچ قېتىم ئالدىشى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئالدار تۇغۇلغان مەزگىلدە ئىبلىستىن تۆرەلگەن شەيتان دېگەن بىر ئاتىنىڭ باللىرى كامالەتكە يېتىپ قاپتىمىش ، ئىنسانلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق كەسىپ تاللاۋاتقاندا ، ئۇلار :

— بىزنىڭمۇ بىكار يۈرگىمىز يوق . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بىزمۇ بۇ جاھانغا ئۆگەي ئەمەسمىز . كېيىنرەك كۆچۈپ كېلىپ ، مۇساپىر ئاتىلىپ قالغىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، تېگى - تەكتىمىز بىر قېرىنداشلاردىنمىز . گەپ قىلماي تۇرساق « نەۋرە ئۆز ئەمەس ، گەدەن ئاچ ئەمەس » دېگەندەك ، بۇلار ياتلىقنى قىلدى دەرسلەر ھەقاچان ؟ قاراپ باقساق بىزگە لايىق بىرەر كەسىپ قالماپتۇ . تەر تۆكۈپ ، قول سېلىپ ئىشلىنىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى تەقسىم قىلىنىپ بوپتۇ . بىزدەك ئىبلىسنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەنلەر بىلەكنى تالدۇرۇپ ، پۇتنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرمەيمىز . ئەگەر راۋا كۆرسەڭلار بىزگە لايىق كېلىدىغان بىرلا كەسىپ قالغان ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمىدى . ئۇنى كۆرۈپ « ئاشقان - تاشقان بارات تازىنىڭ » دېگەندەك ئۆزىمىزچە خۇش بولۇۋاتىمىز .

قانداقلىكى بولمىسۇن ئۇنى بىزدىن ئايىماسسىلەر ، ــــ دېيىشىپتۇ شەيتانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى .

ــــ قىزنىقىپ سوراۋاتقىنىڭلار قانداق كەسىپ ؟

ــــ ئەرزىمەس كەسىپ .... ئۇ بولسىمۇ بىر - بىرىگە ئامراقلىشىپ ھەسەلدەك تاتلىق بولۇشۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھەسلىگە تۈز سېلىشۋېتىش ، جىمغۇرلارنىڭ ئارىسىغا گەپ تارقىتىۋېتىش ، كۆكۈللۈك ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىغا ئوت يېقىپ ، ئامراق ئاغىنىلەر ئارىسىغا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىۋېتىش ، قىيا - چىيا چىقىرىشقا ئوخشاش بىر ئىش ئەمدى .

ــــ مۇشۇلار سوراۋاتقان ئىشنىڭ بىزگە كېرىكى بارمۇ ؟

ــــ ئۇنى نېمە قىلاتتۇق بىز !

ــــ ئەمىسە سىلەر سورىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار ، ــــ دەپتۇ يۇرت چوڭلىرى .

شۇ قېتىملىق كەسىپ تەقسىماتىدا خالىغانلىرىنى ئالغان شەيتانلار ئۆز ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي باشلىرى گاڭگىراپ ، ئالجىشقا ئاز قالغان مەزگىلدە ئالدارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپتۇ .

ــــ ئالداشنىڭ ئېتى ئالداشتا ، ئالداشتىمۇ ئالداش بار . ئالدارنىڭ ئالدىشىنىڭ ئالاھىدە سىرى بار . ئالداشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان شەيتانلار ئۇنى ئويلاپمۇ يەتمىگەندۇ، ــــ دەپتۇ مۇھاكىمە ئىشتىراكچىلىرى .

ــــ ئۇ بىزنىڭ كۆپ ئىشلىرىمىزغا ھەمكارلىشىدىغانلارنىڭ بىرسىكەن . ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى تونۇشتۇرۇپ ۋەزىپە يۈكلەيلى ، ــــ دېيىشىپ ئىككى شەيتان سەپەرگە چىقىپتۇ . بۇ چاغدا بىر ئىشاننىڭ ئاجايىپ ئىشلىرىنى

بىلىشكە كېتىۋاتقان ئالدار يولدا شەيتانلارغا يولۇقۇپ :

— ھە ، جانابلار يولۇڭلار بولسۇن ! تۇرقۇڭلار باشقىچە ، ئۆزۈڭلار نەدىن بولىسىلەر ، — دەپتۇ .

— يىراقتىكى چوڭ شەھەردىنمۇ ئەمەسمىز ، مەھەللىرى تۇتاش ، قوي قوتانداش ئولتۇرغان شەيتانىنىڭ سەپەرگە چىققان سايىاقلىرى بولىمىز . نامى چىققان ئالدارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ، ئازراق ھىيلە - مىكىر سىنىشىپ كۆرۈشكە كېتىۋاتىمىز . مېنىڭ ئىسمىم قىلتىڭ ، ماۋۇنىڭ ئىسمى شىلتىڭ بولىدۇ .

— توۋا ، تەقدىرنىڭ ماۋۇ كارامىتىنى كۆرمەمدىغان ، كۆتۈلمىگەن يەردە قۇدىلىرىمغا ئۇچراشتۇرغىنىنى - ھە ! كېلىڭلار ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋالايلى ، — دەپ ئالدار قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ كۆرۈشۈشكە باشلاپتۇ .

— نېمە دەيسىنوي ، سەن قايسى قۇدىمىز بولىسەن ؟ نام - شەرىپىڭنى دېگىنە ؟ — دەپ شەيتانلار ھودۇقۇپ قاپتۇ .

— بۇنىڭ نېمىسىنى سورايسىلەر ؟ تۇغۇلمىغان ئاتامنىڭ تۇنجى قىزىنى ئىبلىسنىڭ نەۋرىسى ئالغان ئىدى . يەتتە ئاتىدىن ئۆتمىگەن ، يەتمىش ئاتىغا يەتمىگەن ، شۇ ئاچامنىڭ ئىنىسى ، ئالدانىنىڭ بالىسى ئالدار دېگەن مانا مەن بولىمەن . يولۇڭلار يامان بولمىدى ، ئىزدىگەن ئالدار ئالدىڭلارغا ئۆزى كەلدى ، — دەپتۇ .

ئۈچەيلەن سۇ بويىدىكى يېشىلزارلىقتا ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ . ئالدار سۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىپ سان - ساناقسىز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپتۇ . شەيتانلارنىڭ قۇدا بولماسلىققا ھېچ ئامالى قالماپتۇ .

— يا پىرىمەي ... ئەمدى نېمىمۇ دەي ، بىزنىڭ شەيتانلارنىڭ جەمەتلىرى يوق يەر يوقكەنغۇ .

— ۋاي قۇدىلىرىم ، بۇنى تېخىچە بىلمەمسىلەر ؟ ... قەبىلىگە بۆلۈنگەن ئەلدىن ھەرنەرسىگە ھەمشىپەت ئۈچ ئاتىنىڭ بالىسى بولىدۇ . تۆرە ، خوجا ۋە شەيتان ، تۆتىنچىسى يەنە بىرسى ، ئۇنى ئېيتمايلا قوياي . بۇ جانابلارنىڭ ئارىلاشمىغىنى يوق . ئۇلارنىڭ كۆپرەك ئارىلىشىدىغان شەيتىنى — سىلەر ئۆزۈڭلار .

— قۇدا ، بىزگە ھېلىقى تۆتىنچىڭنى قاتما ، ئۇ « چاپىقىنى ئالمەن دەپ ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىش »تىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىرنەرسىدۇر تايىنلىق .

— ياق ، مەن ھېلىقى باخشى ، داخانلارنى ئېيتىۋاتىمەن .

— ھە ، ئۇنداق بولسا بوپتۇ . بىز ماڭايلى .

ئۈچى ئەل ئارىلاپ يۈرۈش قىپتۇ . مېڭىۋېرىپ ھېرىپتۇ . شەيتانلارنىڭ قىلتىك ، شىلتىڭى بىر كۆپىيىپ ، بىر ئازىيىپ ، بىر يوقىلىپ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ . ئالدار ئۇلارنىڭ شەيتانلىق سىرىنى ئۇقۇۋالمسام بىركۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمەن دېگەننى ئويلاپتۇ - دە ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سىرلىق سېھرىنى بىلىۋالماقچى بوپتۇ . ئۇلارغا تۇيدۇرماي كۆزىتىپ يۈرۈپ ، يوشۇرۇنىدىغان چاغدا قىلتىڭىنىڭ بېشىغا كىيىدىغان دوپپىسى ، شىلتىڭىنىڭ تامقىغا تىقىۋالىدىغان تەڭگىسى بارلىقىنى بىلىۋاپتۇ . ئالدار « ئەمدىكىسى ئوڭاي » دەپ سىرىنى بىلىندۈرمەي يۈرۈۋېرىپتۇ .

## بىرىنچى قېتىم ئالدىشى

ئىككى شەيتان بارغانلىكى يۇرتتا نەچچە - نەچچە ئادەملەرنى زىتلاشتۇرۇپ ، نەچچە دوستلارنى باتناشتۇرۇپ ، تالاي

خوتۇنلارنى ئېرىغا دۇمبالىتىپ، ئامراقلىشىش ئۈچۈن ھازىرلانغان تائاملارغا تويۇپ ھۇزۇر قىپتۇ.

— ھەي ئالدار، دەپتۇ شەيتانلار، — سەن بىزدىن ئاز - تولا ھۈنەر ئۆگەندىڭ، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش بىرەر ئىش قىلىپ باقساڭچۇ؟

— ۋاي قۇدىلىرىم، مېنىڭ قېتىپ قالغان مېڭەمگە سىلەردىن قىلچە بىرنەرسە يۇقمىدى، مەن ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەننى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋالىدىغان بىر ئادەممەن، سىلەر مېنى ئالداپ ئۆگەتسەڭلار بولاتتى.

— قانداق ئالدايمىز؟

— يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ قىشنى ئۆتكۈزدۇق. مانا ئەمدى ھەممە خەق تېرىلغۇغا كىرىشتى. بىز ئۈچىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلايلى - دە، ھوسۇلنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالداڭلار.

— ناھايىتى ياخشى، دەپتۇ شەيتانلار، — بۇ ئىلگىرى بىز ئىشلەپ كۆرمىگەن ئىش ئىكەن، بۇنىمۇ قىلىپ كۆرۈپ باقايلى.

— ۋاي ئوبدان قۇدىلىرىم، ئۇنداق بولسا تېرىشتىن ئاۋۋال تېگىشلىك ھەسسىمىزنى بۆلۈشەيلى، ھوسۇلنىڭ بېشىنى ئالامسىلەر، كۆتىكىنىمۇ؟ بۇنى ئاۋۋال دېيىشىۋالايلى، «باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا سۆز يوق» دەپتىكەن، ئىختىيارنى سىلەرگە بەردىم.

— ناھايىتى ياخشى، بۇنى بىز مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋابىنى بېرەيلى، — دەپتۇ - دە، ئىككى شەيتان كېلىپ بىر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— بىر كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ دېھقانچىلىق قىلماقچى

بولۇۋىدۇق ، ئۇ « هوسۇلنىڭ قايسى تەرىپىنى ئالىسلەر ؟ » دەيدۇ ، بېشىنى ئالساق بولامدۇ ياكى كۆتىكىنى ئالغىنىمىز ياخشىمۇ ؟

— زىرائەتنىڭ دېنى بېشىدا تۇرسا ، كۆتىكىنى ئېلىپ نېمە قىلماقچىسىلەر ؟ ئەلۋەتتە بېشىنى ئالغان ياخشى ـ دە ؟

ئىككىسى ئالدارنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— بېشىنى ئالىمىز ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا ، دېگىنىم دېگەن ... مەن كۆتىكىنى ئالاي . ئەمىسە بىز سەۋزە ، سامساق ، پىياز تېرىيمىز ، تېرىلغۇ يەر بىلەن كېرەكلىك سۇ ۋە هاۋانى تېپىش مېنىڭ ۋەزىپەم بولسۇن ، ئېرىق چېپىش ، يەر هەيدەش ئىشلىرىنى قىلىش قىلسۇن ، ئۇرۇق سېلىش ۋە زىرائەتنى پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى بولسا شىلتىڭ بېجىرسۇن ، بۇ گېپىم قانداق ؟ — دەپتۇ ئالدار .

— بولىدۇ ، — دەپتۇ شەيتانلار .

ئۇچەيلەن بوز بەرگە كېلىپ چېدىر ـ بارگاهلىرىنى تىكىپتۇ . قىلتىڭ ئېرىق چېپىپ ، يەر هەيدەپتۇ . شىلتىڭ بولسا ئۇرۇق سېلىش ۋە پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرىپتۇ . ئالدار بولسا ئېتىز بېشىغا ئاندا ـ ساندا كېلىپ ، ئۇھ ـ ئۇھلاپ ئۆزىنىڭ قانداق جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ يۈرۈپتۇ . شەيتانلار ئۇنىڭغا :

— بىزغۇ كەتمەن چېپىپ ، ئېتىز سۇغىرىپ هاردۇق ، سەن نېمە قىلغىنىڭغا شۇنچە هېرىپ كەتكەنسەن ؟ — دەپتۇ .

— مۇشۇ گەپنى چىن كۆڭلۈڭلەردىن چىقىرىپ دەۋاتىسلەر ؟

— هەئە .

— ھەي نان قېپىلار ... دېمەي دېگەنتىم، خەير ...مېنى دېگۈزۈشكە مەجبۇرلاۋاتىسىلەر - دە، بىلىپ قويۇڭلار كى، ھەممىدىن بەك جاپانى مەن تارتىۋاتىمەن، ئېتىزغا سۇ ئاسان كېلىۋاتامدۇ؟ كېچىنى - كېچە دېمەي، كۈندۈزنى - كۈندۈز دېمەي سۇ ياقلاپ، تاقاقلىرىنى توسۇپ، ساۋاقلىرىنى ساۋاپ ئاران ئەكېلىمەن. سالقىن ھاۋا بولمىسا زىرائەتلەرنىڭ تېنى تەۋرىنەمدۇ؟ كۆرمەمسىلەر، سالقىن شامال سەگىتكەنلىكى ئۈچۈن ياشناپ تۇرۇپتۇ. يىراقتىكى ئېگىز تاغقا كۈندە بېرىپ، ئۇنىڭ شامال تۆشۈكىنى كوچىلاپ كۆزىنى ئاچىمەن دەپ قوللىرىمنىڭ تىرناقلىرى ئۇپراپ كەتتى. مېنىڭ ئىشىمنى پەقەت مۇشۇلا دەپ ئويلامسىلەر؟ ... سىلەر ئىككىڭلار زىرائەت ئۆستۈرۈپ يەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتىڭلار، مەن يەرنى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆك ئۆكۈز يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ھەركۈنى بېرىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇچىسىنى قاشلايمەن. مېنىڭ كۆرگەن كۈنۈمنى ئاللا ھېچ بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن! ... — دەپ، ئالدار ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. شەيتانلار قىلغان گېپىدىن خىجىل بوپتۇ ۋە «راست، كۆپ جاپا چېكىپتۇ» دەپ ئالدارغا بەك ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇلار:

— ئالدار، بولدى خاپا بولمىغىن، بىز ئېلىشقا تېگىشلىك بېشىدىنمۇ ساڭا ئازراقتىن بېرەيلى، — دەپتۇ.

— ئۇنى نېمىمۇ قىلارمەن، ۋەدەمدىن قانداقمۇ يانالايمەن؟ ئۆزۈڭلارنىڭ ھەققىنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار! مەن ئاغزىمدىن چىققان لەۋزىمگە ئەمەل قىلىپ ئۆز ھەسسەمنىلا ئالاي، — دەپتۇ ئالدار.

كۈزمۇ بوپتۇ. ھوسۇلنى يىغىشتۇرۇپ بېشىنى شەيتانلار ئاپتۇ. كۆتىكى ئالدارغا قاپتۇ. ئۇ تۇۋىنى كولاپ، بازاردا سېتىپ

پۇلىنى يانچۇققا ساپتۇ . ئوتياش كۆكلىرىنى كۆتۈرۈپ بازارغا بارغان شەيتانلارنى شەھەر ئەھلى زاڭلىق قىلىپ : « كوچىنى پاخال قىلىشما » دەپ قوغلىۋېتىپتۇ . بۇ چاغدا شەيتانلار :

ــ خەپ ، كېلەر يىلقى ھوسۇلنىڭ كۆتىكىنى بىز ئالمايدىغان بولساق ، ــ دېيىشىپتۇ .

باھارمۇ كەپتۇ ، ئالدار شەيتانلارغا :

ــ ماقۇل ، سىلەر دېگەندەك بولسۇن ! ئەمسە بۇغداي بىلەن ئارپا تېرىيلى ، ــ دەپتۇ . مەسلىھەت پىشىپتۇ ، ئىش شۇ بويىچە بوپتۇ . پىشقاندىن كېيىن دېنىنى ئالدار يىغىلىۋېلىپ ، سامىنىنى شەيتانلارغا بېرىپتۇ . تولا ئەلەم تارتقان شەيتانلار ئالدار بىلەن ئۇرۇشماقچى بوپتۇ .

ــ مەيلىڭلار ، ئۇرۇشساق ئۇرۇشايلى ، بىراق ئۆيدىمۇ ياكى تالادىمۇ ؟ ــ دەپتۇ ئالدار .

ــ ئۆزئارا شېرىكلەشكەن دېھقانلار بىز ، تالادا ئۇرۇشساق خەق كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ ، ئۆيدە ئۇرۇشايلى ، ــ دەپتۇ شەيتانلار .

ــ بوپتۇ ئەمسە ، قىسقا تاياقنى مەن ئالاي ، ئۇزۇن تاياقنى سىلەر ئېلىڭلار ، ــ دەپتۇ ئالدار . بۇنىڭغا خۇش بولغان شەيتانلار ئۇزۇن تاياقنى قوللىرىغا ئاپتۇ .

ئۇرۇشۇش باشلىنىپتۇ ، شەيتانلار ئۇراي دېسە ، ئۇزۇن تاياق تورۇسقا تاقىشىپ قاپتۇ . ئالدار بولسا قىسقا تاياق بىلەن ئىككىسىنى ئۆي ئىچىدە سۈر - توقاي قىلىپ ، جېنىنى بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ .

ــ بۇ قاملاشمىدى ، تالاغا چىقىپ ئۇرۇشمىز ، ــ دەپتۇ شەيتانلار .

— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل ، قاملاشمىغان ئۇزۇن تاياقنى ماڭا بېرىپ ، قىسقا تاياقنى سىلەر ئېلىڭلار ، — دەپتۇ ئالدار . بۇ پىكىر شەيتانلارغا ياغدەك يېقىپتۇ ـ دە ، تاياقلار ئالماشتۇرۇلۇپتۇ .
ئالدار دالىدا ئىككىسىنى يېنىغا يولاتماي ئۇزۇن تاياق بىلەن ئۇرۇپ مەلەخ قىلىۋېتىپتۇ .

## ئىككىنچى قېتىم ئالدىشى

— دېھقانچىلىقمۇ ، ئۇرۇشۇشمۇ ئۆتتى ـ كەتتى ، ئەمدى بىز بۇرۇنقى ئامراقلىقىمىز بويىچە بىللە ئەل ئارىلايلى ، — دەپتۇ شەيتانلار .
— دېگىنىڭلاردەك بولسۇن ! — دەپتۇ ئالدار . ئۇچى بىللە يولغا راۋان بوپتۇ . بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن ئالدار شەيتانلارغا :
— پىيادە مېڭىپ ئۇچىمىز تەك چارچىغۇچە ، نۆۋەت بىلەن پۇتىمىزنى ئارام ئالدۇرۇپ ماڭساق بولمامدۇ ؟ — دەپتۇ .
— قانداق قىلىپ ؟
— بىر ـ بىرىمىزنى ھاپاشلايمىز .
— بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن . ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن كىم ھاپاشلىسۇن ؟
— كىمنىڭ يېشى كىچىك بولسا شۇ ھاپاشلىسۇن !
— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال سىلەرنىڭ ھاپاشلىشىڭ كېرەك ئىكەن ، چۈنكى بىز ساڭا قارىغاندا چوڭمىز .
— يېشىڭلار قانچىدە ئىدى ؟
— ئېنىق ھېسابىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمىز . ئەيتاۋۇر يەر يېڭىدىن يارىلىپ ئالەمگە ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن يەتتە كۈن

ئىلگىرى تۇغۇلغان ئىكەنمىز .

ئالدار ھۆكرەپ يىغلاپ ، يىغا دېگەننى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپتۇ .

— پەرزەنت ئوتى بەك يامان ،
نەدىن داۋا تاپىمەن ؟ ...
قىلتىنىڭ بىلەن شىلتىڭدەك ،
يۈرمەسمىدىڭ بالامسەن ، يائاللا ... — دەپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاۋېرىپتۇ .

— ۋاي ئالدار ، ساڭا نېمە بولدى ؟ نېمانچە كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىسەن ؟

— سورىماڭلار دېدىم ، سورىماڭلار ! ... ۋۇ بېشىنى يەيدىغانلار ، يا بالدۇر ، يا كېيىن تۇغۇلماي ، دەل مېنىڭ يەتتە ياشلىق كەنجى ئوغلۇم ئۆلگەن كۈنى تۇغۇلغىنىڭلار نېمىسى ؟ ھەي قارارى يوق پەلەك ! ... ئۇ ھازىر ھايات بولغان بولسا سىلەردەك چوڭ بولۇپ ، كەينىمدىن ئەگىشىپ يۈرمەسمىدى ! ... باغرى تاش ئەزرائىل ، باشقا كۈنىمۇ ئەمەس ، دەل شەيتانلار تۇغۇلغان كۈنى مېنىڭ شۇ بىرتال ئوغلۇمنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدىڭ . بالامنى ئېلىپ كېتىپ مۇڭگۈز چىقتىمۇ ؟ ۋاي بالامەي . ۋاي جېنىمەي ... نېمشقىمۇ ئەزرائىلنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانسەن ؟ ۋاي يۈرىكىمەي ...

ئالدار يىغلاپ يىقىلىپ قالغاندىن كېيىن شەيتانلار تەسەللى ئېيتىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەشتۈرۈپتۇ .

— بىز ئەمدى بىلدۇق ، ئالدى بىلەن سەن مىنسەڭ بولىدىكەن . قېنى ، قايسىمىزنى خالىساڭ شۇنىڭغا مىنگىن ، — دەپتۇ شەيتانلار .

— ئەمسە ، ئاۋۋال قىلتىڭغا مىنەي ، — دەپتۇ ئالدار .
— قانچىلىك ۋاقىت مىنسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ قىلتىڭ .
— مەن ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرىمەن ، ناخشام قاچان تۈگىسە شۇ چاغدا چۈشىمەن ، — دەپتۇ - دە ، ئالدار « ئاللا يارەي ... » ناخشىسىنى باشلاپتۇ . مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، كۈن ئۆتۈپتۇ ، ھەپتە ئۆتۈپتۇ ، ئەمما ئالدارنىڭ ناخشىسى تۈگىمەپتۇ . ئىككى شەيتانغا بۇ يۈك ئېغىر كەپتۇ ، دۈمبىلىرى يېغىر بوپتۇ ، ئاخىر ھېرىپ - ئېچىپ ، جېنى چىققۇدەك بولغان شەيتانلار :
— ۋاي - ۋۇي ئالدار ، سېنىڭ بۇ « ئاللا يارەي ... » دېگەن ناخشاڭ ھېچ تۈگەي دېمەيدىغۇ ، — دەپ سوراپتۇ .
— ماقۇل ، ئۇنداق بولسا ، ئەمدى « ۋايدادەي »نى باشلاي ، — دەپ ئالدار يېڭى ناخشىسىنى باشلاپتۇ ...

## ئۈچىنچى قېتىم ئالدىشى

ئىككى شەيتان يولدا كېتىۋېتىپ كېڭىشىپتۇ . ئۇلار : « بۇ بالايىئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلمساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ . پۇتلىرىنى پاقىدەك كېرىپ ، ئۈستىمىزگە مىنىۋېلىپ ، بىزنى قۇرۇق قاقشال قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى . بۇمۇ ئىنسان بولغاندىكىن بىرەر نەرسىدىن قورقسا كېرەك ؟ شۇ قورقىدىغان نەرسىسىنى بىلىۋېلىپ ، تازا بىر قورقۇتايلى - دە ، قۇتۇلايلى » دەپ كېلىشىپتۇ . ئۇنى ئالدار بىلىۋاپتۇ - دە ، قونۇش ئۈچۈن چۈشكەن جايدا ئولتۇرۇپ شەيتانلارغا :
— ھۆرمەتلىك قۇدىلىرىم ، كىم نېمىدىن قورقىدىغىنىمىزنى ئېيتىشىپ ئولتۇرساق قانداق ؟ شۇنداق قىلساق قورقۇنچلۇق يەرگە

بىرىپ قالماسلىقىمىز مۇمكىن ، ــــ دەپتۇ .

ــــ ئىپتىساق ئىپتايلى ، شەيتانلارنىڭ قورقىدىغان بىرلا نەرسىسى بار ، ــــ دەپتۇ شەيتانلار .

ــــ ئۇ نىمە ؟

ــــ ئاق يانتاق . ئۇنىڭ تىكىنى تەگكەن شەيتان ئۆز توپىغا قوشۇلمايدۇ . هە ، سەن ئۆزۈڭ نىمىدىن قورقىسەن ؟

ــــ ۋاھ ! سىلەر پالۋان ئىكەنسىلەر . مىنىڭ قورقىدىغىنىم بەك تولا : ئۇچەيگە تولدۇرۇپ ئىسلاپ پىشۇرغان قىيزىدىن قورقىمەن ؛ چوماقتەك يۇمىلاپ پىشقان قوينىڭ سىنىدىن قورقىمەن ، يۇمشاقراق قاتقان قۇرتتىن قورقىمەن ، قۇرۇتۇلغان قورساقتەك ياغدا پىشۇرۇلغان چەلپەكتىن قورقىمەن . تۇلۇمغا قۇيۇلغان قىمىزنىڭ شالدۇر ـ شۇلدۇر ئاۋازىنى ئاڭلىسام چۆچۈندەك جىنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ ، ــــ دەپتۇ ئالدار .

ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ ، يوغان بىر تۈپ ئاق يانتاقنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئالدار :

ــــ شىلتىڭ ، كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ ، ئاغزىڭنى ئاچ ، ئاق يانتاقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالدىڭ ، ــــ دەپتۇ . شەيتان ئاغزىنى ئاچقاندا ئالدار شىلتىڭنىڭ تامىقىدىكى تەڭگىسىنى ۋە قىلتىڭنىڭ دوپپىسىنى شىپپىدە ئېلىۋاپتۇ ـ دە ، ئاق يانتاقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ . باشقىلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۇچۇن ئىشلىگەن سېھىرلىرىدىن ئايرىلغان شەيتانلار تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشىپتۇ . ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يۈگۈرگىنىچە بىرىپ يىقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن قىيزا ، قىمىز ، قۇرت ، قوينىڭ پىشۇرۇلغان سىنى ۋە چەلپەك ئوغرىلاپ كېلىپ :

ــــ هە ، ئەمدىغۇ جاجاڭنى يەرسەن ، ــــ دەپ ئوغرىلىغان

نەرسىلەرنى ئاق يانتاقنىڭ ئارىسىغا پىرقىرىتىپ ئېتىپتۇ .
تاشلىغان تائاملارغا تويۇپ ئالدار يېتىۋېرىپتۇ . ئىككىسى شۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈۋاتقاندا بىر توپ كارۋان كېلىپ قاپتۇ . ئىقابى ئېلىپ تاشلانغان شەيتانلارنى ئۇلار تۇتۇۋېلىپ ، راسا ئۇرۇپ ، چاچ ساقاللىرىنى يۇلۇپ ، سۇيى يوق چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ .
ئىقابلىرىدىن ئايرىلغان شەيتانلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يورغىلاشنى قويۇپ ، ئادەم كۆپ جايغا بارمايدىغان ، تۇرىمەن دېگەن يېرىدە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرمايدىغان بولۇپ « يەل تاپان » دېگەن توپقا قېتىلىپ كەتمەنمىش .

# ئالدارنىڭ بېخىل باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشى

زامان زامانلار ئىلگىرى، ئاۋات بىر يۇرتتا بەرمەس باي دېگەن بىر كىشى بولغان ئىكەن. ئۇ ناھايىتى باي بولسىمۇ، مال ـ مۈلكى ساي بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بەكمۇ بېخىل ئادەم ئىكەن. ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىكەن. ئۆيىدە زادى ئادەم قوندۇرمايدىكەن، ئەگەر قوندۇرسىمۇ تاماق بەرمەيدىكەن. ئۆيىگە مېھمان كەلسە «كۆزۈمدىن يوقال»دىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا، يۇرتتىكىلەر ئۇنىڭغا «بەرمەس باي»دەپ ئات قويۇۋالغان ئىكەن. بەرمەس باي دېسە يۇرتتا تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ئۇنىڭ «كۆزۈمدىن يوقال» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان كىشى قالماپتىكەن. «قانداقلىكىن بولمىسۇن، بەرمەس باينىڭ تۇز ـ تەمىنى بىر تېتىپ كۆرەي» دېگەن تالاي كىشىلەرنىڭ تاۋىقى چېقىلغان ئىكەن. كىشىلەر قورسىقى ئېچىپ كەتكەندە دائىم «مېنىڭ قورسىقىم خۇددى بەرمەس باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاندىكىدەك تويۇپ كەتتى» دەپ تەتۈر گەپ قىلىشىدىكەن.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، «ئالدار دەپ بىر ھىيلىگەر بارمىش، ئۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشمىگەن كىشى قالماپتىمىش» دېگەن

گەپ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر :
— ھەي ، ئۇ ئالدار دېگىنىڭ ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ ، بەرمەس باينى ئالدىيالماسمىكىن ، دەپتۇ . بۇ سۆز ئالدارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئالدار :
— بەرمەس باينى كەلگۈسى تۇغۇلغىنىغا ئىلگىرى - ئاخىر پۇشايمان قىلدۇرمايدىغان بولسام ، ئالدار دېگەن ئېتىم قۇرۇپ كەتسۇن ، — دەپ قەسەم قىپتۇ ۋە شۇ كۈنىلا ئاق قاشقا ئېتىغا مىنىپ بەرمەس باينىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . بەرمەس باينىڭ يۇرتىنى ئىزدەپ ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ . ئاخىر بەرمەس باينىڭ ئۆيىنىمۇ تېپىپ كەپتۇ .
بەرمەس باي « تاماق ئېتىۋاتقاندا باشقىلار كىرىپ قالمىسۇن » دەپ ئۆيىنى يۇرتتىكىلەردىن قاچۇرۇپ بىر چەت ياقىغا جايلاشتۇرغان ئىكەن . ئۆيگە باشقىلار كېلىپ قالسا تولا قاۋاپ ئادەمنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ دەپ ئىتمۇ باقمىغان ئىكەن . ئالدار « بۇ مۆغەمبەر باي نېمە قىلىۋاتقاندۇ » دەپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ كىگىز ئۆيىنىڭ يوچۇقىدىن ئاستا مارىلىسا ، باينىڭ ئۆيىدە غىزا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن . بەرمەس باي ئۆزى تۆردە راسا بەداشقان قۇرۇپ قىيزا توغراۋاتقان ، چوڭ خوتۇنى خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ، كىچىك خوتۇنى كاللا - پاچاق ئۈكلەۋاتقان ، قىزى يوغان بىر توخۇنى يۇڭداپ ئولتۇرغان ئىكەن . بۇنى كۆرگەن ئالدار ئۆزىگە : « بارىكاللا ، مېنىڭ يىراق يولدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنلىكىمنى بىلگەندەك ، بۇلارنىڭ تامىقىمنى تەييارلاپ تۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان ، مۇشۇ غىزادىن تويغۇچە يېمىسەم ئالدار دېگەن ئېتىم قۇرۇپ كەتسۇن » دەپتۇ — دە :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ ،

ئۇلارمۇ چاقىقان ئىكەن ، ئالدار « ئەس ...» دەپ بولغۇچە ، ھەر قايسىسى قولىلىرىدىكىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، بەرمەس باي تاسمىنى ، چوڭ خوتۇنى نوغۇچنى ، قىزى تىكىۋاتقان كۆڭلەكنى ، كىچىك خوتۇنى بولسا سۈپۈرگىنى تۇتقىنىچە ھېچنېمە بىلمىگەن كىشىلەردەك ئولتۇرۇشۇپتۇ . « ھەي ! سىلەر تازا كۆنۈپ كەتكەن مۇغەمبەرلەردىن ئىكەنسىلەر » دەپتۇ ئالدار ئىچىدە ۋە سالاملىشىپ ، باينىڭ يېنىغا كېلىپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . باي : « ھە ، سېنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشلىرىڭ بىلەن قىلىقلىرىڭدىن قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىڭ چىقىپ تۇرۇپتۇ . سەن ھەرقانچە ھىيلىگەر كوسا بولساڭمۇ ، مېنىڭدىن ھېچقانداق نەپ ئۈندۈرەلمەيسەن » دەپتۇ ئىچىدە ، ئاندىن ئالدارغا قاراپ :

— نەدىن كەلگەن شۇمسەن ؟ نەگە بارىسەن ؟ كۆرگەن - بىلگەن نېمەڭ بار ؟ جاھاندا قانداق يېڭىلىقلار بار ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئالدار ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ سۆزىنى باشلاپتۇ :

— ۋاي باي ئاكا ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىم كۆپ ، يېڭىلىقلارمۇ كۆپ . كۆزۈم كۆرگەننى سۆزلەپ بېرەيمۇ ياكى قۇلىقىم ئاڭلىغاننىمۇ ؟

— ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ راست بولۇشى ناتايىن . كۆرگەنلىرىڭنى دەپ بەرگىن ، — دەپتۇ بەرمەس باي .

— ماقۇل ، مەن بۇ كۈن ئەڭ ئاخىرىدا كۆرگەن يېڭى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي . بايا يولدا يوغان بىر سېرىق يىلان قوغلاپ كەلدى ، مەن قېچىپ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرسەم ، ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپلا سىزنىڭ ئاستىڭىزغا كىرىپ كەتتى ئەمەسمۇ ؟ — دەپتۇ . باي چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتىكەن ، ئالدار :

ۋاي ـ ۋۇي ، سېرىق يىلانمىكىن دېسەم قىيزا ئىكەنغۇ ؟ ! باي ئاكامنى قورقۇتۇپ ، تولا ئەرۋايىمنى ئۇچۇرماي جايىڭنى تاپقىن ، ـــ دەپتۇ ۋە قىيزىنى قازانغا ساپتۇ . باي :

ـــ قانداق ئەبلەخ سەن ؟ ـــ دېگىنىچە قورقۇپ چەكچەيگەن كۆزىنى ئالايتىپ ئالدارغا قاراپتۇ .

ـــ باي ئاكا ، بۇ نېمە دېگەنلىرى .... ئېيتقانلىرىم يالغان بولسا ، توقاللىرىنىڭ ئاستىدىكى كاللىدەك ئۇكلىنىپ ، ئاغىچا ھەدەمنىڭ ئاستىدىكى خېمىردەك ئېزىلىپ ، قىزلىرىنىڭ ئاستىدىكى توخۇدەك يۇڭدىلىپ كېتەي ! ـــ دەپتۇ ئالدار . بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي :

ـــ بوپتۇ ، قازانغا تۇتۇش قىلىۋېرىڭلار ، ـــ دەپ بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ ، ئۆزى يانپاشلاپ يېتىپتۇ .

ـــ ئىت يېسۇن سېنى ، ـــ دەپ ئاغىچا ئاستىدىكى خېمىرنى ئېلىپ سۇپۇرىغا ئېتىپتۇ .

ـــ ئېڭىكىڭ ئاجراپ كەتسۇن سېنىڭ ، ـــ دەپ توقال ئاستىدىكى كاللىنى ئېلىپ قازانغا « جاققىدە » ساپتۇ . قىزىمۇ توخۇنى ئاستىدىن ئاپتۇ . چوڭ ئاغىچا قازان بېشىدا تۇرۇپ :

ـــ قاينا قازىنىم ، بەش ئاي ، ـــ دەپتۇ . توقال :

ـــ ئوت قالارمەن ئون ئاي ، ـــ دەپتۇ . ئالدار دەرھاللا :

ـــ ئۇنداق بولسا مەن ئۇخلاپ ئارام ئالغاچ تۇراي ، ـــ دەپتۇ ـ دە ، ئۆتۈكنى سېلىپ يېتىپتۇ . بىرئازدىن كېيىن يالغاندىن ئاستا خورەك تارتىشقا باشلاپتۇ . ئۇنى « ئۇخلاپ قالدى » دەپ پەرەز قىلغان باي خوتۇنغا پىچىرلاپ :

ـــ قېنى ئۇسۇ ، خوتۇن ، ھەممىنى يېۋېتەيلى ، ـــ دەپتىكەن ، ئالدار :

— بوپتۇ ، مەنمۇ تۇراي ، باي ئاكا ، — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، تەييارلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئەر - خوتۇنلار :

— قاينىسۇن ، قاينىسۇن ... — دېيىشىپتۇ . ئۇلار ھېچ ئىش قىلالماي ئۇخلاپتۇ . ئوت قالاۋاتقان كىچىك خوتۇنمۇ ئوتۇنغا بېشىنى قويۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . ئالدار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قازاندىكى گۆشنى ئېلىپ يەپ راسا تويۇپتۇ . ئاشقىنىنى تالاغا ئاچىقىپ تىقىپ قويۇپتۇ ، ئاندىن ھېچنېمە كۆرمىگەن كىشى بولۇپ ئۇخلاۋېرىپتۇ . بىر چاغدا باي ئويغىنىپ خوتۇنىنى ئويغىتىپ :

— ماۋۇ ئىتنىڭ بالىسى ئۇخلىدى ، تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئويغىتىۋەتمەي ، گۆشۈڭنى ئال . تامىقىمىزنى ۋاقتىدا يېگۈزمىدى . بۇ بەچچىغەر ! — دەپ ، ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپتۇ .

ئاغىچا ئالدىراپ - تېنەپ قاراڭغۇدا « گۆش »نى ئۇسۇپتۇ . باي پىچاقنى قولىغا ئېلىپ :

— يات يىگىتنىم ، يات ! جاجاڭنى مۇشۇنداق تارت ، — دەپ ئاغزىغا بىر توغرامچە گۆشنى سالتىكەن ، ھەرقانچە چاينىسىمۇ چىشى ئۆتمەپتۇ ، ئۇنداق چايناپتۇ ، مۇنداق چايناپتۇ ، ھېچ بولماپتۇ . نەپسى تاقىلداپ كەتكەن باي ئاخىر چىدىماي پۈتۈنلا يۇتۇۋېتىپتۇ ، يۇتۇش بىلەنلا خىرىلداپ :

— ۋاي خوتۇن شورپا قۇي ، شورپا — دەپ خارقىراپتۇ .

ئاغىچا قاراڭغۇدا سىلاپ - سىيپاپ شورپا ئۇسۇۋاتقان قاچىغا ئالدار ئاستا كېلىپ بىر چاڭگال تۇز سېلىۋېتىپتۇ . شورپىنى يۇتۇش بىلەنلا قەي قىلغان باي خوتۇنىغا ئاچچىقلىنىپ :

— گۆش ئورنىغا بەز بەردىڭ ، شورپا دېسەم تۇز بەردىڭ ،

مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ساراڭ ، ـــ دەپ خوتۇنىنى تاياق بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىرنى ساپتۇ . خوتۇنىنىڭ يېشى يېرىلىپ ، ۋايجانلاپ ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋېتىپتۇ . بۇ ئەنسىزچىلىكتىن ئەندىكىپ ئويغانغان ئادەمنى دوراپ ئالدار تالاغا يۈگۈرۈپتۇ . ئۇ « ئەلىمى ئېشىپ زەردىسى قاينىغان باي ئۆچىنى ئىتىمدىن ئېلىپ ، بىرەر قەست قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە » دەپ ئىتىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ . بارسا ئىتىنىڭ يېنىدا باينىڭ ئىتىمۇ تۇرغان ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىتىنىڭ قاشقىسىغا لاي سۈركەپ يوق قىلىۋېتىپتۇ ـ دە ، باينىڭ ئىتىنىڭ پېشانىسىگە بور سۈركەپ قاشقا ياساپ قويۇپ كىرىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ .

گۆش ـ ياغلارنى ئالدارنىڭ يەپ تۈگەتكەنلىكىنى سەزگەن باي ئۇنىڭ بوش ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە ، ئەتىدىكى ئەلىمى ئۆرتەپ « خەپ ، توختاپ تۇر ، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم » دەپ تالاغا چىقىپ ، « ئالدارنىڭ ئىتى » نىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ ، ئاندىن : « مانا سېنىڭ جاجاڭ ! » دەپ كۆڭلىدە ناھايىتى خۇش بولۇپ ، ئورنىغا كىرىپ ئۇخلاپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە باي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، ئالدارغا :

ـــ ماۋۇ خوتۇن « قاشقىلىق بىر ئات ئۆلۈپتۇ » دەيدۇ ، سېنىڭ ئىتىڭ بوپقالمىسۇن يەنە ! قوزۇقتا يىقىلىپ قارنى يېرىلىپ كەتكەن بولمىسۇن ! ... تۈتۈن مارىلاپ ، تىمىسقىلاپ يۈرگۈچە ئىتىڭغا ئوبدانراق قارىساڭ بولمامدۇ ! ـــ دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ .

ئالدار بېشىنى كۆتۈرۈپ :

ـــ قانداق قاشقا ئىكەن ، لاي قاشقا بولسا مېنىڭ ، بور قاشقا بولسا سىزنىڭ ئىتىڭىز بولىدۇ . نېمە بولسا ئەمدى بولغۇلۇق بوپتۇ ، قاتمال لەش گۆش يېگۈچە ، يۇمشاق گۆش يېگەنمۇ ئوبدان

ئىكەن ، ــ دەپ ئالدارمۇ كۈلۈپتۇ . باي خۇدانىڭ ئۆرغىنىنى بىلىپتۇ ـ دە ، ئورنىدىن چاچراپ قوپقىنىچە تالاغا قاراپ چىپىپتۇ . پايپاسلاپ بارسا راست بور قاشقا ئۆزىنىڭ ئىتى ئىكەن . ئۆلۈك ئاتنى كۆرۈپ ئىچى ئىچىشقان باي ئالدىراپ ئالدارنىڭ قېشىغا كىرىپ :

ــ كۆزۈمدىن يوقال ، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما ، شۇم ! ــ دەپتۇ . ئالدار :

ــ قوزۇق قەست قىلغانىغا تەگمەي ، قاشقىلىق ئاتقا تېگىپتۇ . قوزۇقنىڭ ئەلىمىنى مەندىن ئالماقچىمۇ سىز باي ئاكا ؟ مەن سىزگە مېھمانمەن ، بىرنەرسە سوراپ كىرگەن تىلەمچى ئەمەسمەن ، شېرىن قولىڭىز تەگكەن گۆشكە تويماي تۇرۇپ نەگە يوقىلىمەن ؟ ئۇنداق تولا قاينىماي جايىڭىزغا ئولتۇرۇپ مۇزدەك قىمىزدىن بىر ئىچۈرىدىڭ . كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ياخشى گەپلىرىم بار ، ئېيتىپ بېرەي ، تىڭشاڭ ، ــ دەپ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ . باي :

ــ هەي خوتۇن ، هەي !... هېلىقى نېنىڭ پىشقان بولسا بەرسەڭچۇ ، مالنىڭ قېشىغا بۇرۇنراق كېتەي ، ــ دەپتۇ . خوتۇنى ئىسسىق نان ئېلىپ چىقىپ بايغا بېرىپتۇ . ئۇ ناننى قوينىغا سېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئۇ نان كېتىپ قالسىلا قايتىپ كەلمەسلىكىنى بىلگەن ئالدار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

ــ هەي باي ئاكا ، بىرئاز سەۋر قىلىڭ ، خېلى كونا تونۇش بوپقالدۇق ، خاپا بولۇپ كېتىۋاتىسىز . بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولامدۇ ـ يوق ؟ قۇچاقلىشىپ بىر كۆرۈشۈۋالايلى ، باغرىڭىزغا باغرىم قېنىۋالسۇن ! ــ دەپ كەلگىنىچە باينى چىڭ قۇچاقلاپتۇ . يېڭى پىشقان قىزىق ناننىڭ

تەپتى باينىڭ تېنىدىن ئۆتۈپ ، جېنىنى قىناپتۇ .
— ۋاي رەھمەت ! رەھمەت ! كۆپ رەھمەت ، بولدى ئەمدى ، دېگەنىسېرى چىك سىقىۋېرىپتۇ ۋە :
— كۆپتىن كۆرمەي كۆرگىنىمەي ، كۆڭلۈمدىكىنى بەرگىنىمەي ، ... كۆرسەتمەي ئەتكەن ناننى بىللە ئولتۇرۇپ يېمىگىنىمەي ، — دەپ مەيدىسىنى بايغا سۈركەۋېرىپتۇ . بەرمەس باي بىر قولىنى ئاران بوشىتىپ ، قوينىدىكى ناننى ئېلىپ يىرقىرىتىپ تاشلاپتۇ . باي تاشلىۋەتكەن ناننى ئالدار كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ :
— رەھمەت ، رەھمەت ، بۇمۇ سىلىنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلتىپاتلىرى ، — دەپتۇ . باي ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئالدار يەنە توسۇۋاپتۇ .
— « بەرمىسمۇ باي ياخشى ، يېمىسمۇ ماي ياخشى » دەپ بىر قېرىنداشىمىز ئېيتىۋىدى . چوڭراق بىرنەرسىنى سورىسام بەرمەيسىز ، شۇڭا ئەرزىمەس بىرنەرسىڭىزنى سوراي . يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆتۈكۈم يىرتىلسا ، ئېگەر توقۇمنىڭ بىر يەرلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ قالسا ياماپ بىرنېمە قىلارمەن . بىگىزىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز ، — دەپ ئالدار باينىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ . باي :
— ئېغىز ئاچقۇچى بولما ! — دەپ ئالدارنىڭ سوزۈلغان قولىنى سىلكىپ مېڭىۋېرىپتۇ . ئالدارمۇ قويۇۋەتمەپتۇ . بەرمەس باي بىراقلا قېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ . رودىپايدەك يېپىشىۋالغان ئالداردىن ھېچ قۇتۇلالمىغان باي ئاخىر : « ئال ، ئېلىپ كۆزۈمدىن پاتراق يوقال ، ئىنساپسىز ! » دەپتۇ . بۇ چاغدا ئالدار :
— ئاغىچا ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ، باي ئاكامنىڭ ئال دېگىنىنى ؟ — دەپتۇ .

— بەر خوتۇن، بەر! بېرىپ بۇ بىرنېمىنى كۆزۈمدىن يـاتـراق يـوقـات! — دەپـتـۇ، بـاي يـۈرۈپ كېتىپتۇ. ئالدار ئۆيگە كىرىپ:

— قېـنـى ئەمسە، قىزنىڭىزنى جابدۇتۇڭ، — دەپتۇ. ئۇ، قـىـزنـىـڭ ئـىـسمـى بـېـزبـېـكـە ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتىكەن. ئاغىچا ئالدارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن چۆچۈپ سوراپتۇ:

— هە، نېمە گەپ؟

— بـاي بـىـلـەن كـېـلـىـشـتۇق. بېزبېكىنى مەن ئالىدىغان بـولـدۇم. هېلىلا «ئال» دېـگـىـنـىـنـى ئۆز قـۇلـىـقـىـڭـىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزغۇ!

— يـوق گەپنى قىلماي، كۆزۈمدىن يوقال شۇم! باي ساڭا بېزبېكىنى بېرىپ نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنـداق بـولـسـا، ئۆز قـۇلـىـقـىـڭـىـز بـىـلـەن يەنە بىر ئاڭـلـىـۋېـلـىـڭ، — دەپ يـۇگـۈرگـىـنـىـچە تالاغا چىقىپ، نېرىدا كېتىۋاتقان بەرمەس باينىڭ كەينىدىن قاتتىق ۋارقىراپتۇ:

— هەي، باي! خوتۇنۇڭ بېزبېكىنى بەرمەيۋاتىدۇ!...

— هەي، خـوتـۇن! بـېـيـىـزنى① بەر! بېرىپ ئاۋۇ شۇمنى يـاتـراق يـوقات! ... — دەپ باي قاتتىق ۋارقىراپتۇ ـ دە، ئالدارنى قايتا كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ كېتىپتۇ.

— مـانـا، ئاڭـلـىـدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ئالدار قېشىدا تۇرغان ئاغىچىغا.

— بـۇ قـېـرى ئىت ئالجىپ قاپتىمۇ نېمە؟ ئەلنى يۇتقان بىر قاقۋاشقا قىزنى بەرگىنى نېمىسى! — دەپ هاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ئاغىچا.

① بېيىز — بېگىز.

ئالدار ئاغىچىنىڭ ئاللا ـ تووۋا دېيىشلىرىگە قويماي قىزنى ياساپ ـ تاراپ، تاۋار ـ دۇردۇنغا ئوراپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. رەسىدە بولۇپ، يالغۇزلۇق ئازابىدا زېرىككەن قىزمۇ كېلىشكەن، ئەقىللىق يىگىت بىلەن كېتىپ، ئەل ئارىسىغا قېتىلىشنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ. بىراق، ئالدارنىڭ بايلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگۈسى، ئۇلارغا ئارىلىشىپ، پاك قېنىنى بۇلغىغۇسى كەلمەيدىكەن. ئۇنداق ئاقسۆڭەكلەر قىزنى گېزى كېلىپ قالغاندا خۇشتار بولغانلارغا بېرىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن ئىكەن. بەرمەس باينىڭ قىزى بېزبېكىنىمۇ ئالدارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلمىگەنلىكى توغرۇلۇق ئەل ئارىسىدا «ئۇنىمۇ بىرسىگە بېرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گەپ تارقالغان ئىكەن.

# باخشى موماينىڭ ئۆلۈمى

نامى پۇر كەتكەن سىسىق باينىڭ توپاس دېگەن بالىسى خان بوپتۇ. ئۇنىڭ تىلىپەشىبىكە دېگەن ئانىسىنىڭ بۇرۇندىن پال ئاچىدىغان رەممالـلـىق «ھۇنـرى» بار ئىكەن. بالىسى خان بولغاندىن كېيىن ئۇ:

— تورۇسنىڭ ياغىچىغا ئىككى ئەرۋاھ تەڭ قوندى. بالامغا قارا باي خاننىڭ ئەرۋاھى، ئۆزۈمگە بولسا يۇگلۇق باينىڭ ھەممە جىنلىرى بويسۇنىدىغان بولدى. ئۇلار ماڭا «سېرىق تۆگىگە مىنىپ، تەسۋى سىيرىپ، بالاڭغا تەۋە ئەلنى ئارىلا» دەۋاتىدۇ. ھەي ياغاچچى، كاسىپلار! ماڭا ئۆزۈمدەك ئېگىلگەن ئەگرى ياغاچتىن قومۇز ياساپ بېرىڭلار! قومۇز، — دەپ ئاغزىنى ئالچايتىپ، كۆزىنى ئالايتىپتۇ.

يۇرتتىكى ئۇستا ياغاچچى توغراقنىڭ ئەگرى شېخىنى كېسىپ قومۇز ياساپ بېرىپتۇ. لېكىن، موماي ئۇنى چېلىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، كەلسە ـ كەلمەس ئېيتىدىغان بىرنەچچە ناخشىسىنى دېمىسە، باخشىلارنىڭ ئېيتىدىغانلىرىچىلىكمۇ بىرنەرسە بىلمەيدىكەن. ئۇ قومۇزنى قولىغا ئېلىپ، يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭگە چىقىۋېلىپ تاراڭلىتىۋېرىدىكەن:

قوڭغۇز كەلدى،
توڭگۇز كەلدى.

ئالچاڭ مۇڭگۇز
ئۆكۈز كەلدى .
يىلان كەلدى ،
چايان كەلدى .
سېرىق شەيتان ،
نايان كەلدى ...
تاشپاقا مىنىپ ،
تاغقا بار ، هاي ـ هاي !
چارپاقا مىنىپ ،
كۆلگە بار ، هاي ـ هاي !
سېسىقىم كەلدى ،
كاككۇك ...
قاپىنىم كەلدى
ۋاييەي ...

ئۇ ، قومۇزنى قولتۇقلاپ ، ئوڭتەي ـ توڭتەي دەسسىگىنىچە دالىغا قاراپ يۈگۈرەيدىكەن .

ـــ يا ئاللا ، ياپىرىم ! ... ئانامنىڭ ئەرۋاھ ـ جىنلىرى راست كۆچىيىپتۇ . سېرىق تۆگىنى توقۇپ جابدۇپ بېرىڭلار ! ئەلنى ئارىلىسۇن ، ـــ دەپتۇ خان .

قومۇزنى قولتۇقلاپ تۆگىگە مىنگەن باخشى موماي كۆپ قىشلاقنى ئارىلاپتۇ . قوي ـ قوزا ، ئۆچكە ـ ئوغلاق ، پارچە ـ پۇرات لاتا ـ پىتىلەرمۇ ئاۋۇپتۇ . تاپقان ـ تەرگىنىنى خۇرجۇنغا تىقىپ ، قوتۇر ئوغلاق ، كۆتۈرۈم قوزىلارنى ئۇدۇل كەلگەن قىشلاقلارغا ئامانەت قويۇپ ، قىشلاقتىن ـ قىشلاققا يۈرۈۋېرىپتۇ . يۈرگەنسېرى « جىنلىرىم كۆپەيدى » دەۋېرىپتۇ . مۇغەمبەر

باخشىلارنىڭ كۆز بوياپ، تۆمۈرنى چوغ قىلىپ يالىشى، مەيدىسىگە خەنجەرنى قاداپ، ئۇنى توقماق بىلەن ئۇرۇشىغا ئوخشاش ئىشلىرىدىن بىرنى ئىشلىمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار كۆپ بىر جايغا كەپتۇ ـ دە، قومۇزنى داراڭلىتىپ، جىنلىرىنى يىغىش ئۈچۈن چاقىرىشقا باشلاپتۇ:

قارا دېۋەم كەپقالدى، يائاللا!...
ئوت يالمايمەن دەپ قالدى، يائاللا!...
ئايا، ئاناڭنى ھەي باللار، ۋايجان ـ
كۆسەي كۆيدۈرۈپ ئەكەل، يائاللا!...

دەپ يىگىنى شىمايلىغىنىچە ئوتتا قىزىپ تۇرغان لاخشىگىرگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. تېپىرلىشىپ تۇرغان باللاردىن بىرسى قىپقىزىل قىزارغان تۆمۈرنى ئوتتىن ئېلىپ مومايغا بېرىپتۇ. ھارامزادە باخشىلار كۆرۈنۈشتە قىزىق تۆمۈرنى يالىغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ قويۇپلا كۆز بويايدۇ. لېكىن، بۇ بىچارە موماي ئۇنداق ئىنچىكە يەرلىرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چوغ تۆمۈرنى ئېلىپلا تىلىنى تەگكۈزۈپتىكەن، جاۋغىيىغىچە كۆيۈپ، تىلى تۆمۈرگە يېپىشىپلا قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىشلاق ئادەملىرى:
— كۈنىمىزنى ئالالمايۋاتقاندا خاننىڭ جىن چاپلاشقان ئانىسى كېلىپ ئۆلۈكىنى ئۈستىمىزگە ئارتتى. بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلالماي جانلىرىمىز چىقىدىغان بولدى، — دەپ ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپتۇ.
خان باشقىسىنى بىلمىسىمۇ، خەلققە بوھتان چاپلاشقا بەك ئۇستا، دەپ تەشۋىشلەنگەن ئامما ئالدارغا ئات چاپتۇرۇپ، خان

ئانىسى ــ مومايىنىڭ ئوت يالاپ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . ئالدارمۇ كەپتۇ . ئۇ « تەشۋىشلىنىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ، تىرىك تېنى يۈز قىشلاقتا يەتكەن قېرى ، ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بىر يۇرتقا يېتەر » دەپ ، تەشۋىشلەنگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا كەلتۈرۈپ ، مومايىنىڭ جەسىتىنى بىر ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ .

ئۇ ، ئۆلگەن مومايغا قىزىل بالدەك قىزىل كۆڭلەك كىيدۈرۈپ ، ھەر خىل مونچاقلار ئېسىلغان بېشىنى ئاق رومال بىلەن چۈمكەپ ، تۆگىگە مىندۈرۈپ ، ئۆزى توسۇن تايغا مىنىپ ، قولىغا بىر بىگىزنى ئاپتۇ ـ دە ، خان بىلەن كۆڭلى يېقىن بىر باينىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ .

ئۆينىڭ يېنىدىكى دۆڭدە ئولتۇرغان باي نېرىدىن كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ :

ــ كېلىن كېلىۋاتىدۇ ، ئارغامچا تارتىپ ئالدىنى توسۇپ قولىياغلىق ئالمىساق بولمىغۇدەك ، ــ دەپ ، مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى شۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپتۇ . باللارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى بىلەن ھاۋشىغان ئىتلارمۇ ئالدارنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ . ئالدار :

ــ ھوي ! نېرى تۇرۇڭلار ! يول بېرىڭلار ! خان ئانىسىنىڭ تۆگىسى ئۈركۈيدۇ ، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ . باللار ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچ قۇلاق سالماي ، ئارغامچىسىنى سۆرەپ قي ـ چۇۋ بىلەن يېقىنلاپ كەلگەندە ئالدار تۆگىنىڭ بىرقانچە يېرىگە بىگىزنى شۇنداق سانجىپتىكەن ، ئاغرىققا چىدىمىغان تۆگە چىچاڭلاپ سەكرەپ مومايىنىڭ جەسىتىنى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ . ئالدار تېپىچەكلىگەن توسۇن تېيىنى باشقۇرالمىغان بولۇپ ، ئادەملەر توپىدىن يىراقراق بىر يەرگە بېرىۋاپتۇ ـ دە ، ئاتنى شۇ يەردە قويۇپ ، ئۆزى ئېگەرنى ئارتىپ ، ئادەملەر توپىغا كەپتۇ . ئۇ :

ئۆلگەن ئوخشايدۇ ... ، ئايلىنىپ كەتتىمكىن ؟ ياخشى قاراڭلار ، ... — دېيىشىپ جەسەت ئەتراپىغا ئولىشىپ تۇرغان توپنى ئىتتىرىپ ئوتتۇرىغا كىرىپتۇ - دە ، مۇردىنىڭ تاتىرىپ تۇرغان يۈزىنى ئېچىۋېتىپتۇ .

— ۋايجان ، ۋايەي ... جېنى يېڭى چىقىپتۇ . ئوت يالاپ ئۆلۈپتۇ ئەمەسمۇ قېرىندىشىم ! هاي دېسەم هاي بولمىدىڭلار ! خاننىڭ ئانىسى بىلەن ئويناشتىڭلار ! مۇشۇ قىشلاقتا قومۇز چالىمەن ، بايلاردىن ئات ئېلىپ مىنىپ قايتىمەن ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى ، قانچە قىلسامۇ ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىۋىدىم . توسۇن تاي بىلەن سەنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ يارامىلىق بىر ئات مىنىپ كەت ، دېسە ئىشىنىۋىدىم . ئۈركۈتۈپ يىقىلىپ تايدىن ئايرىلدىم . تۆگىدىن يىقىتىپ مومايدىن ئايرىلدىم . كەمبەغەللەر كېلىنچەك قىلىپ ئەۋەتكەن مومايىنى بايلار كەلمەسكە كەتكۈزدۈڭلار ! ئەمدى خانغا قانداق جاۋاب بېرىسىلەر ؟ ئۆزۈڭلار ئويلىنىپ كۆرۈڭلار ! سىلەرگە ياخشىلىقچىمۇ ، يامانلىقچىمۇ ئېيتىپ قويىمىدىغىنىم مۇشۇ ... هىم ! — دەپ ئالدار يەرگە بىرنى تېپىپتۇ . مومايىنىڭ خاننىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بايلار هولۇقۇپ قاپتۇ :

— بالىسى خان بولمىغان چاغلاردا جىن چېپىلىپ قالغان باخشى ئىدى . قومۇز چېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ ، دېگەن چاغدىلا ئۆلۈكنى بىر كىمگە ئارتىدىغان بوپتۇ دېيىشكەن ئىدۇق . ئايلىنىپ كېلىپ ئۆلۈكنى بىزگە ئارتتى . ئەمدى بۇنىڭ ئۈچۈن بالىسى كۆرگۈلۈكىمىزنى كۆرسىتىدىغان بولدى . خاننىڭ سايىسىدا ئانچە - مۇنچە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ . بولىدىغان ئىش بولدى ، ئەمدى ئىشنىڭ ئېپىنى ئۆزۈڭ تېپىپ ،

خۇنىنى مالغا سۇندۇرۇپ بىرنىمە قىلغىن. بىز مال - مۈلۈك ئايىمايمىز، — دېيىشىپ باينىڭ ئادەملىرى ئالدارغا يېلىنىپتۇ. ئالدار «بەك قىيلىنىپ» ئۇنداقمۇ، بۇنداقمۇ ئويلىغان بولۇپ:

— خان ئانىسىنىڭ خۇنى 40 قىزنىڭ تويلۇق مېلىغا تەڭ، شۇنى بەرسەڭلار خان بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، — دەپتۇ.

بايلار كېڭىشىپ، ئاخىر 10 قىزنىڭ تويلۇق مېلىنى ئالدارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئالدار مالنى ھەيدەپ، موماينىڭ جەسىتىنى تۆگىگە ئارتىپ، يىراققا ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىپتۇ - دە، مالنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ، ئاندىن موماينىڭ كىيىملىرىنى ئۆگىتىلگەن ئېيىققا كىيدۈرۈپتۇ. ئۇنى يېتىلەپ خاننىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. «ئانىمىز كەلدى» دەپ ئالدىغا چىققان خاننىڭ يۇرتىدىكى كىشىلەر قومۇز تۇتۇپ ئولتۇرغان ئېيىقنى كۆرۈپ پەرۋايى - پەلەك، ئەرۋايى كېپىلەك بولۇشۇپتۇ.

— پەرۋەردىگارىم، بۇ نېمە كارامەت!

— نېمانچە قورقىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ باخشى ئاناڭلارغۇ، بۇ! ئاناڭلارغا ئېيىق سۈرەتلىك جىن چاپلىشىۋالغان ئىكەن. ئۇ جىن ئاناڭلاردىن رەنجىپ قاپتۇ - دە، ئۇنىمۇ ئۆزىدەك ئېيىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. «يۇرتۇمغا ئېلىپ بار» دېگەچكە ئېلىپ كەلدىم، ئەمدى قالغان گەپنى ئۆزىڭدىن سوراڭلار، — دەپتۇ ئالدار.

— قومۇزمۇ شۇنىڭكى، نۇرغۇن جىنلارنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتى. باشقا ھەممە ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئاتىسىمۇ، ئەمما ئېيىقنىڭ ئېتىنى تىلغا ئالمايتتى. ئېيىق جىنى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغان ئىكەن - دە، ئەمدى بۇنى ئانىمىز دەپ ئەل ئارىسىدا كۈلكىگە قالمايلى، نەگە ئاپارساڭ ئاپىرىپ، كۆزىمىزدىن

يوقات ، ھېچكىم كۆرۈپ قالمىسۇن ! بۇ ئىشنىڭ ئۈچۈن بىر خالتا تىللا بېرەي ، — دەپتۇ خان .

نېمە دېگەنلىرى بۇ ، تەقسىرىم ، سىلىدەك 40 تۇلۇم تىللاسى بار بىر خاننى تۇغقان مومايىنى بىر خالتا تىللا ئۈچۈن قەيەرگىمۇ ئېلىپ بارارمەن ... ئۇنىڭدىن كۆرە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغىنىنى ياخشى بولارمىكىن . سىلىگە ھۆرمەت ، ئىخلاسىم كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئېيتىق بولسىمۇ خاننىڭ ئانىسىغۇ دەپ يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەلدىم . ئويلاپ باقسىلىرىچۇ تەقسىر ، ئەمدى سىلى مۇنداق دەيلا ، ئەمما بۇنى ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىدىغان يەر يېقىن ئەمەس ، كۆھىقاپىنىڭ ئۇ تەرىپى . قومۇز چېلىپ ، خىرقىراپ ، چاقىرىدىغان جىنلىرىنىڭ ھەنىۋاسى شۇ يەردە . بۇ ئانىلىرىنى دەل شۇ يەرگە ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ . بۇ يېقىن ئارىغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىدىغان توشقان ئەمەس . پەقەت كۆھىقاپقا ئاپىرىۋەتسىلىلا قۇتۇلالايلا . بولمىسا ئۆيلىرىگە تونۇش - بىلىش ، يارۇبۇرادەرلىرى بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرغاندا قومۇزىنى چىشلەپ كىرىپ كېلىدۇ - دە ، سىلىنى نومۇسقا ئۆلتۈرىدۇ .

— ئەمىسە شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋەت !

— توۋا دېسىلە ، تەقسىر ! دىۋە - پەرىلەرنىڭ قىزلىرىغا ئاشىق بولغان ئۆزلىرىدەك نى - نى خان ، باي ۋە بەگلەرنىڭ كۆھىقاپقا قانداق بارغانلىقىنى چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولغىيتتىلە ؟ ئۇلار سۇمۇرغ دېگەن قۇشقا مىنىپ بارغان ياكى جىن - پەرىلەر ئۇچۇرۇپ ئاپارغان . شۇنداقتىمۇ نەچچە ئون يىل يۈرۈپ ، ئاران يېتىدىكەن . مېنىڭ مىنگىنىم تاكاراڭ ئات ، يېتىلىۋالغىنىم قېرى تۆگە تۇرسا ، ئۇ يەرگە قانداقمۇ يېتەلەيمەن . مېنىڭمۇ يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرغان بالا - چاقىلىرىم بار . كەتسەم

ئۇلارنى كىم باقىدۇ ؟ ... كۇھىقاپقا بېرىپ ـ كېلىشكە مېنىڭ ئۆمرۈم ئازلىق قىلىدۇ ! « ئابرۇيۇمنى تۆكمەي ، نېمە بولسا ئاپىرىپ تاشلا » دەيدىكەنلا ، 30 ئوغۇل ، 15 قىزىم بار ، شۇلارنىڭ ئون يىللىق تىرىكچىلىكى ئۈچۈن بىر تۇلۇم ئالتۇن بەرسىلە ئاندىن بارسام باراي . ئەمما ، مەن جىن ـ پەرىلەر ماكانىغا بېرىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ، تىرىك قايتىشىم ناتايىن . جىننىڭ ئۆزى تۇرماق جىن قىياپىتىدىكى ئانىلىرىنى كۆرۈپ باللىرىمنىڭ يۈرۈكى يېرىلغۇدەك بولىدى . مەن هامان ئۆلىمەن ، شۇڭلاشقا خۇنۇمنى ئۆزۈمگە تۆلىۋەتكەن بولسىلا ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تۇلۇم ئالتۇن بېرىشلىرى كېرەك . ماۋۇ ئېيىق ئانىلىرىنىڭ كۆنگە بىر چېلەك هەسەل بىلەن بىر قوي يەيدىغىنى تۇرغان گەپ . بۇ هەقتىكى ئىنساپ ئۆزلىرىدە . بۇنىمۇ مۇۋاپىق مۆلچەرلەپ ، يېمەك ـ ئىچمىكى ئۈچۈن بىر تۇلۇم تىللا ۋە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارتىدىغانغا ئات ـ ئۇلاغلاردىن بەرسىلە . خان ئەمرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ، ئاپارسام ئاپىراي ، — دەپتۇ ئالدار .

تۆت تۇلۇم تىللا بېرىشنى ئېغىر كۆرگەن خان يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن كېڭىشىۋاتقاندا ، ئالدار ئېيىقنىڭ بېقىنىغا ياغاچ سانجىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ . ئاچچىقى كەلگەن ئېيىق ئىسقىرتىپ ، سەكرەپ ، قولىدىكى قومۇزنى غەزەپ بىلەن شۇنداق ئېتىپتۇكى ، قومۇزنىڭ تارلىرى غوڭۇلداپ ، ئۇچۇپ بېرىپ خاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ . ئالدار :

— ۋاي ، خان ئالىيلىرى ! ئانىلىرىنى ئۆزلىرى گەپكە كىرگۈزسىلە ! هېچ يەرگە بارمايمەن ، دەپ ئاچچىقلىنىۋاتىدۇ ، — دەپ ۋارقىراپتۇ . بۇ چاغدا خاننىڭ خوتۇنلىرى :

— بۇ قېرى قانجۇقنى پاتراق كۆزىمىزدىن يوقاتسىلا ! —

دېيىشىپ قىيا - چىيا كۆتۈرۈشۈپتۇ .

— بولدى ، ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرىپ ، بۇ بالا - قازادىن چاققانراق قۇتۇلۇشنىڭ ئىشىنى قىلسىلا ، باشقا يۇرتتىكى كىشىلەر ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا شەرمەندە بولىمىز ، — دەپتۇ ئاقساقاللار .

— بولىدۇ ، دېگىنىڭنى ئېلىپلا ، بۇگۈن كېچىدىن قالماي بۇنى كۆزۈمدىن يوقات ، — دەپ خان ئالدارنىڭ دېگەنلىرىنى بېرىپتۇ . ئالدار ئېيىقنى ئويىنىتىپ جان باقىدىغان سىگانلارغا سېتىۋېتىپتۇ . ئۆزى ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەپتۇ .

# جازانىخورنىڭ 40 ئۆكۈزى

ئالدار يىراق بىر بازارغا كېتىۋېتىپ، يولدا سېمىز 40 ئۆكۈزنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان سودىگەرگە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھە، ماللىرىڭىزنىڭ بازىرىنى بەرسۇن، — دەپتۇ ئالدار.

— بازىرى كاسات مال ھەيدەپ كۆرمىگەنمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— كۆپ پايدا كۆرۈڭ دېگىنىم - دە.

— ئەرزان ساتساممۇ، بەرىبىر زىيان قىلمايدۇ، — دەپتۇ سودىگەر ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى كەمبەغەللەرگە بىر تاۋۇز، بىر بولاق چاي، ئىككى دانە كۇچىلا، بىر قوشۇق ناسۋالنى تۇغۇلمىغان موزاي ئۇچۇن نېسىگە بېرىۋىدىم. ئۇلار موزاينىڭ تۆت يىلدىن كېيىن كالا بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن! شەھەردىكى بىر كۆنلۈك تاماشاغا كېتىدىغان پۇلنى كەمبەغەللەرگە نېسى چېچىۋىدىم، مانا ئەمدى 40 ئۆكۈز بولدى ئەمەسمۇ ؟!

— ھەببەللى! ... « خۇدايىم بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ » دېگەن مۇشۇ - دە. مېنى يولۇقتۇرغىنىنى

كۆرمەمسىز ، ـــ دەپتۇ ئالدار سودىگەرگە قاراپ ، ـــ بازارغا قۇرۇق قول كېتىۋاتقان كەمبەغەللەرنىڭ بىرسى مەن ئىدىم . سىز كالا هەيدەپ توپا ـ چاڭدا جاپا تارتماق ، ئۆكۈزلىرىڭىزنى بازارغا مەن هەيدەپ باراي ، بارغاندىن كېيىن بالىلىرىمغا ئۆرۈك ، ئۆزۈمگە بۆك ئېلىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ .

ـــ ناهايىتى ياخشى ، ئۆزۈممۇ خۇدايىم شۇنداق بىر گالۋاڭنى ئىمىشقىمۇ ياراتمىغان بولغىيدى ، دېگەننى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم ، دېگىنىڭ بولسۇن ، بىر سېۋەت ئۆرۈك ، ئوبدان بىر بۆك ئېلىپ بېرەي بولامدۇ ؟ ...

ـــ بولمامدىغان ، ـــ دەپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ ئالدار .

ـــ بولدى ئەمىسە ، مەن يولدىكى قاۋۇل جۇۋاننىڭ سارىيىغا چۈشۈپ ئاتنى سوۋۇتۇپ تۇراي ، سەن كالىلارنى ئوتلۇق يەرلەردە ئوتلاتقاچ هەيدەپ بېرىۋەرگىن . شەهەر سىرتىدىكى قۇمۇشلۇققا بېرىپ كۆل بويىدا ساقلاپ تۇر . كالىلارنى شۇ يەردە تويغۇزۇپ ، سۇغىرىپ ، ئاندىن شەهەرگە ئېلىپ بارىمىز ، بولامدۇ ؟...

ـــ بولىدۇ ... ـــ دەپ ئالدار كالىلارنى ئوتلىتىپ ماڭغان بولۇپ ، يولدىن چەتكە چىقىرىپتۇ ـ دە ، بولۇشىغا قوغلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە شەهەرگە يېتىپ كەپتۇ . قاسساپلارنى ياللىۋېلىپ هەممە ئۆكۈزنى ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە ، گۆش ، تېرىلىرىنى سېتىپ ، قۇيرۇقلىرىنى كېسىۋاپتۇ ، ئاندىن سودىگەر ئېيتقان كۆل بويىغا كېلىپ كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى قۇمۇشقا باغلاپ كۆلگە تاشلاپتۇ . ئۆزى قۇمۇشتىن ئورۇن راسلاپ راسا ئۇخلاشقا باشلاپتۇ . ۋاقتى ـ قەرەلىدە كەلگەن سودىگەر بەلگىلەنگەن جايدا ئۆكۈزلەرنى كۆرەلمەي ، كۆل ئەتراپىدا چېپىپ يۈرۈپ ، كۆك كۆرپىدە ياتقان

ئالدارنى تېپىپ ئويغىتىپتۇ .

ــ هوي پادىچىم ، ئۆكۈزلەر قېنى ؟

ــ ھەي تەقسىر ، نېمىسىنى سورايسىز ... ئۆكۈزلەر سەمرىۋاتىدۇ . كۆلگە كېلىش بىلەنلا تېخىمۇ كۆپەيدى ، جانىۋارلارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان تاماشا تېپىلدى .

ــ قېنى قانداقچە كۆپەيدى ؟

ــ قومۇشلۇق كۆلدە سۇ سىيىرلىرى بەك كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەرگە كەلگەندە شۇلارنىڭ بىر توپ سەيياھلىرى قىرغاقتا چىقىپ ئوتلىدى . بىزنىڭ ئۆكۈزلەرمۇ شۇلارغا قېتىلىپ يۈرۈپ ، خېلى كۆنۈشۈپ قالدى . كۈندە شۇلار بىلەن سۇ تېگىدە ئوتلايدىغان بولۇۋالدى . كەچقۇرۇن ئۆزلىرى يايرىشىپ چىقىدۇ . ئاۋۇ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان ئۆكۈزلەرنىڭ قۇيرۇقلىرىنى كۆرۈۋاتامسىز ؟! ... سۇ سىيىرلىرى بىلەن بىللە ئوتلاپ يۈرگەن سىزنىڭ ئۆكۈزلىرىڭىز ئەنە شۇ . « خۇداۋەندە كېرىم ، بەرگەنگە قوشلاپ بېرىمەن » دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ ، ناسۇال بىلەن كۇچۇلىڭىزنى چىقىم قىلمىسىڭىزمۇ مىلىڭىز كۆپىيىدىغان بولدى . مانا ئەمدى ئۆكۈزىڭىز كېلەر يىلى 200 بولىدىغان بولدى ...

ــ نېمە دەپ يۈرىسەنوي ، ئۆكۈزلەر راست سۇنىڭ تېگىدىمۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە ، بىللە ئوتلىغان جانىۋارلار ئايرىلسا ئوتمۇ يېمەيدىكەن ، سۇمۇ ئىچمەيدىكەن ، سۇرگۈنگە كىرگەن ئىنەكلەر سۇغا يۇگۇرگەندە ئۆكۈزلەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ كېتىدىكەن ـ دە ، ئايرىلغۇسى كەلمەيدىكەن . ئەنە ، كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ قۇيرۇقلىرى دىڭگىيىپ چىقىپ تۇرىدىغۇ ! ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ماۋۇ ئىككى ئېتىڭىزنى بېرىڭ ! بىر ئاتقا مىنىپ ، بىر ئاتنى يېتەكلەپ

چاپتۇرغىنىمچە كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقاي. ئاتنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرىدىن ئۈركۈپ ھەممىسى قىرغاققا چىقىدۇ، — دەپتۇ ئالدار.
— ماقۇل، چاپسان بول، ئاتقا مىن - دە، ھەممىسنى قوغلاپ چىق، — دەپتۇ سودىگەر.
ئالدار بىر ئاتقا مىنىۋېلىپ، بىرئاتنى يېتىلەپ كۆلنى بويلاپ ھاي - ھۇيلاپ چاپقىنىچە كېتىۋېرىپتۇ. سودىگەر كۆل بويىدا كەچكىچە ئولتۇرۇپ، شامال قىرغاققا چىقىرىپ قويغان شاخ ئارقىلىق 40 ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىنى يىغىۋېلىپ «ئەمدى شەھەرگە بېرىپ، خانغا ئەرز قىلىپ ئۆچۈمنى ئالىمسام» دەپ پىيادە پايپاسلىغىنىچە يولغا راۋان بوپتۇ.

# پىخسىق باينى داۋالاش

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دەپتۇ ئالدار ، بېشى تاز ، كۆزى ئاجىز ، قولىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن ئىككى تاياقنى تۇتۇۋالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ .

— هە ، كىم بولىسەن ، ئالدىڭدا قوي كۆرۈنەمدۇ ؟ — دەپتۇ ئۇ ئادەم قولىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ .

— ۋاي بىچارە ، ئۆزۈڭ قېرىپ ، كۆز ئالدىڭدىكىنىمۇ كۆرمەيدىغان تۇرۇپ باينىڭ پادىسىنى بېقىپ نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ ؟! بۇ هالىڭ بىلەن قوي بېقىپ بايغا قانداق پايدا يەتكۈزەرسەن ؟ يېتىم ئوغلىقىنى يوقاتساڭ تېنىڭنى تاسما قىلىپ تىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن !

— تولا كاپشىما ! ... مەن كىمگە ياللىنىپتىمەن . مال ئۆزۈمنىڭ ! ...

— بۇ قويلار ئۆزۈڭنىڭمىدى ؟ ... قانچە قويۇڭ بار ؟

— بۇ مىڭ بولغۇرلارنى كۆپەيتەلمەي ئاۋارىمەن ... مۇشۇ ئوتلاپ يۈرگەنلىرى قويۇمنىڭ يېرىمى . هەممىسى بولۇپ ئاران تۆت تاياق قويۇم بار ( باي قوينىڭ سانىنى تاياققا بەلگە قويۇپ هەر بىرسىدە 1000 سىزىقى بار ئىككى تاياقنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئىكەن ) .

— ئۇنداق بولسا ، خۇدا تازىمۇ بەرگەن بىر ئادەم ئوخشىمامسەن ؟ قالغان ئىككى تايىقىڭنى كىم بىقىۋاتىدۇ ؟
— بىر تاياق قوزىلىرىمنى بالام ، بىر تاياق ئۆچكە - ئوغلاقلىرىمنى كىچىك خوتۇنۇم بىقىۋاتىدۇ .
— ئۇنداق بولسا ، چوڭ خوتۇنۇڭ ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن - دە ؟...
— نېمىشقا ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن ، يىلقىلارنى چوڭ ئوغلۇم ، تۆگىلەرنى كېلىنىم ، كالا - قوتازلارنى چوڭ خوتۇنۇم بېقىپ ، قۇرۇق كۆلنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ .
— شۇنچە كۆپ مالنىڭ ئىگىسى ئىكەنسەنۇ ، نېمىشقا مال باققىلى كىشى ئالمىدىڭ ؟
— ھەي ، شۇم ئېغىز ، تىلىڭنىڭ ئاستىغا يىلان ئۇۋا سالىدىغان بىرنېمە ئوخشىمامسەن ؟ پادا باققىلى كىشى ئالسام ، ئۇ ماڭا بىكارغا بېقىپ بېرەمدۇ ؟ يىلىغا ئوغلاقلىق بىر ئۆچكە چىقىم بولسا نېمە توشايدۇ ، ئۆزۈم باقىمەن ، ئۆزۈم ... ھېچقاچان ئۇنداق بولمايتتى ، بۇگۈنلا بۆلەكچە بولۇۋاتىدىغۇ بۇ كۆزۈم ...
— ئۇنداق بولسا تېۋىپقا بىرىپ كۆزۈڭنى داۋالاتساڭ بولمامدۇ ؟
— شۇ گېپىڭ قۇرۇپ كەتسۇن ! ئۇ ئوڭايلا داۋالاپ قويامتى ؟ « قوي سويۇپ ئۆپكىسىنى قاقىمەن ، سان بىلەن تۆشنى تېرىسىگە يۆگەپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن » دەيدۇ . ئۇنداق داۋالىتىپ چىقىم تارتقۇچە ، مۇشۇنداق يۈرۈۋەرگىنىم ياخشى . كۈن سالقىندىغاندا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدۇ . دىۋانە دەيدىغان بىر كىشىلەر بولىدىغان ... بىرەر قاچا قېتىق ئىچىپلا چىرىمدان چاپلاپ داۋالاپ قويىاتتى ... « ئىتنىڭ تېزىكى دورا بولسا ، دەرياغا

تېزەكلەپتۇ » دېگەندەك ، مانا ئەمدى شۇ نېمىلەرمۇ كۆرۈنمەي كەتتى ، — دەپ باي كايىپتۇ .

— باي ئاكا ، مېنى دەۋاتسەنغۇ ـ هە ؟ مەن شۇ سەن ئېيتقان دىۋانە بولىمەن ، — دەپتۇ ئالدار .

— مانا بۇ بەك ياخشى بولدى . ئۇنداق بولسا ، كۆز داۋالايدىغان چىرىمدانلىرىڭ بارمۇ ؟

— بار ، قاندىقىنى دەيسەن ... بېشىڭنى ساقايتىدىغان « قۇيا » دېگەن دورامۇ بار ، كۆزۈڭنى ساقايتىدىغان « پولات يوپۇرماق » دەيدىغان بىر خىل ئوت يوپۇرمىقىمۇ بار .

— هەببەللى ، بار بولسۇن ! بار بولسۇن ! ... ئىش شۇنداقمۇ ئوڭدىن كېلەمدۇ ... ماڭا شۇلارنىڭ ئۆزىلا داۋا بولىدۇ ، شۇ دورىلىرىڭنى سۈركەپ ، ئىرىم ـ چىرىملىرىڭنى ئىشلەپ قويساڭ بولدى ، — دەپ باي يېپىشۋاپتۇ .

— داۋالىغاندىن كېيىن بېشىڭنى تېڭىپ كۆزۈڭنى باغلايمەن ، ئۇ چاغدا چۈمۈلىدەك كۆپ بۇ قويلىرىڭنى كىم باقىدۇ ؟

— كىم باقماقچى ، ئۆزۈم باقىمەن ـ دە ، دەپتۇ باي .

— سەن ساقايغۇچە ياتمساڭ بولمايدۇ ، قويلىرىڭنى مەن بېقىپ تۇراي ، — دەپتۇ ئالدار .

— قوي دېگەن مۇشەققەتتى كۆپ بىرنېمە . سەندەك دىۋانە مال بېقىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى نەدىن بىلسەن ! قويلىرىمنى قېينىۋېتىسەن . تويتىن تولا ئايرىلىپ قالىدىغان شەپشەك سەركەم بار ، شۇنى ، يەنە قويدىن ئاجرىمايدىغان ئالا ئىتىمنى باغلاپ قولۇمغا بەر . دوراڭنى قىلىپ ، بارىدىغان يېرىڭگە كەت . ئەجرىڭگە كوزىدىكى قېتىقتىن بىر چۆچەك ئىچ . ئالدار :

— بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئىتنىڭ زېڭىنى ئېزىپ بېشىغا، سېسىق قۇرايىنىڭ يېلىمىنى كۆزىگە سۈركەپ، بەلۋېغى بىلەن بېشىنى مەھكەم تېڭىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئاقساق قېرى سەركىسى بىلەن ئىتىنى باغلاپ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئىتنىڭ بېشىغا خالتا كىيدۈرۈپ چىڭ باغلىۋېتىپتۇ. تۇنجۇقۇپ ئىچى پۇشقان ئىت باينى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە سۆرەپ كېتىۋېرىپتۇ. قوينى ھەيدەپ ئالدار يۇرتىغا مېڭىۋېرىپتۇ.

# ئالدارنىڭ زالىم خاننىڭ 60 مىڭ تىللاسىنى ئېلىشى

خەلقنى ئېغىر زالىملىقى ئۇچىغا چىققان بىر خان 10 يىل ئويلىنىپ، 30 يىل تولغىنىپ يۇرۇپ يۇرتنى يۇتۇۋېلىشنىڭ يېڭى بىر ئۇسۇلىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق ئەلگە مۇنداق جاكار چىقىرىپتۇ:

— كىمدە - كىم يالغان سۆزلەپ مېنى ئىشەندۇرەلىسە 60 مىڭ تىللا بېرىمەن. خەزىنەمگە باشچى قىلىمەن. 40 قىزىمدىن خالىغىنىنى بېرىمەن. گۆھەر قاناتلىق، لالە تۇمشۇقلۇق، ياقۇت قۇيرۇقلۇق، ئالتۇن تەنلىك قۇشنى قولىغا قوندۇرىمەن. ئەگەر ئىشەندۇرەلمىسە، باي بولسا بارلىق مال دۇنياسىنى، كەمبەغەل بولسا بېشىنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

خاننىڭ جاكارسىنى ئاڭلىغان ئەل ھەيران قېلىشىپتۇ. «زېرىككەن خان ئېتىكنى ئۇۋۇلايدۇ» — دېگەن مۇشۇدە ... ئالتۇن قۇشنى خاننىڭ ئاتىسى يەتتە ئىقلىمنى بۇلاپ - تالاپ تاپقان بايلىقنى بېرىپ ئىشقا سالغان ئىكەن. ئەمدى بۇنىڭ كېلىشتۇرۇپ يالغاندىن بىرنى ئېيتقان كىشىگە بېرىۋەتكۈسى كەپتۇ. يالغان بىلەن كۈن كەچۈرۇپ كېلىۋاتقان بايمۇ، بەگمۇ،

سودىگەرمۇ ياكى سەردارمۇ ... ئەيتاۋۇر بىرسى ئىلىۋالىدىغان بولدى ، دېيىشىپتۇ .

— بالا - چاقىلىرىمىزغا نان تېپىپ بېرىپ هايات قۇدرىتىگە ئەگىشىپ يۈرۈپ كېلىۋاتقان جېنىمىزنى خانغا ئاپىرىپ بېرىپ نېمە قىلاتتۇق ؟ ئالتۇنى قۇرۇپ كەتسۇن ! — دېيىشىپ كەمبەغەللەرنىڭ هېچقايسىسى يولىماپتۇ . بايلار ، ماناپلار ، هازا - كازا هارامزادىلەرنىڭ ھەممىسى خاننىڭ ئالتۇنىغا ئىنتىلىپ ، مەنسىپىگە قىزىقىپ شىرىن ئارزۇلار قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى تاشلاپتۇ ۋە ئوردىغا كېلىپ يالغان ئېيتىشقا باشلاپتۇ . ئۇلار قەدىمكى زاماننىڭ چۆچەكلىرىدىن قالغان تازچاقنىڭ 40 يالغىنىدىن قالغان - قاتقانلىرىدىن قۇراشتۇرۇپ ئېيتىپ بېرىپتۇ . خان بولسا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ تىڭشاپ ، سۆز ئاياغلاشقان هامان كۆزىنى ئېچىپ :

— ئېيتىپ بولدۇڭمۇ ياكى يەنە ئېيتىدىغىنىڭ بارمۇ ؟ — دەيدىكەن .

— ئېيتىپ بولدۇم تەقسىر ... ، — دەيدىكەن ئۇلار .

— بەللى ... مۇشۇنداقمۇ يالغان بولامدىكەن ؟ تۇغۇلماي تۇرۇپ ئەمدى تۇغۇلماقچى بولغان ئاتىسىنىڭ يىلقىسىنى كىممۇ باقمايدىكەن ! تېخى تۇنۇگۇنلا قوڭغۇزنى قىرغا تارتماي مىنىپ توققۇز توشقان تۇتۇپ ، چاشقان يۈگىدىن ئەشكەن ئارغامچا بىلەن تۈلكىگە ئارتىپ ئۆيۈمگە ئەكەلدىم . ھەي ياساۋۇللار ! ماۋۇنىڭ مال - مۈلكىنى كەلتۈرۈپ خەزىنىگە سېلىڭلار ! — دەيدىكەن خان .

« ئارغىماق مىنىپ ئاسمانغا ئۇچقانلار »نىڭمۇ ، « بېيىشكە بېرىپ يېمىش يېگەنلەر »نىڭمۇ سۆزى راست بولۇپ ، مال - مۈلكى

تاللىنىشىۋېرىپتۇ . ئامىتى كەلگەن خاننىڭ خەزىنىسى تولۇپ ئىشىكى يېپىلماس دەرىجىگە يەتكەندە ئالا تاغىرنى قولتۇقىغا قىسىپ ، قىچىشقان ئالىقىنىنى تاتىلاپ ئالدار كىرىپ كەپتۇ .

— ئاللا يار بولسۇن تەقسىر ! ئاللا يار بولسۇن ! سىلىگە ئېيتار ئەرزىم بار ، — دەپتۇ ئۇ .

— يالغان سۆزگە ئىشەندۇرۇپ ، ئالتۇننى ئالغىلى كەلدىڭمۇ ؟

— ياقەي تەقسىر ! ئۆمرۈمدە يالغاننى قۇراشتۇرسامۇ ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان بىر بەندىمەن ... چۈنكى ، راستىنىڭ تېپىشمىقىنىمۇ تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن . ئاۋۇ پايانسىز دالىنىڭ ئېتىكىدىكى ئالدانىنىڭ ئوغلى ئالدار دېگەن بىر مۆمىن دېھقان ئىدىم . سىلىدە بىر ئىشىم بولغاچ ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدىم . ئاڭلىماس خاننىڭ بالىسى ئۆزلىرى بولاملا ؟

— ھە ، شۇ بولىمەن .

— ئۇنداق بولسا ، ئاتىلىرى ئاڭلىماس ئاق ئات مىنىپ يۇرت ئارىلىغاندا ، ئېزىپ قېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە بارغاندا « ئالا بارىم ئورنۇمغا ئولتۇرغاندا ، يالغان سۆزىگە ئىشەندۈرگۈچىگە ئالتۇن بېرىمەن » دەپ جاكارلىغاندا ، ئوردىسىدىن بېرىپ ئېلىۋالىسەن دەپ ، ماۋۇ ئالا تاغارنى تولدۇرۇپ ئالتۇن ئالغان ئىدى ، — دەپتۇ ئالدار ۋە سەككىز قاتلانغان تاغارنى يېيىپ ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، خانغا كۆرسىتىپ ، — ئاللا يار بولسۇن تەقسىر ! ... مۇشۇ ئېيتقانلىرىمنى يالغان دەڭ - دە ، ئۆزىڭىز بېرىمەن دېگەننى بېرىڭ ياكى « راست » دەڭ - دە ، ئالا تاغارنى ئالتۇنغا تولدۇرۇڭ ، — دەپ ئالدار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ .

ئاتا - بوۋىسىنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ سالسىمۇ

تـولـمـايدىغان ئالا تاغارنى كۆرۈپ چۆچۈگەن خان ئۆزى بېرىمەن دېـگـىـنـىـنـى بـەرمەكچى بوپتۇ . ئالدار خەزىنە باشلىقلىقىنى خانغا ئۆتـۈنـۈپ ، 60 مـىڭ تىللانى تاغارغا سېلىپ ، ئالتۇن قوشنى قولىغا قوندۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ .

# « كوسا » دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇشى

ئالدار 60 تىن ئاشقاندا ئۆز يۇرتىدىن باشقا بىر يۇرتقا، باشقا خانغا قاراشلىق چوڭ بىر يۇرتقا كەپتۇ. يېڭى يۇرت ئەھلى ئالدارنى ھۆرمەتلەپ قارشى ئاپتۇ ۋە ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بۇرۇن ئۆزى تۇرغان يۇرتنىڭ ئالدانغان باي، سودىگەر، ئىشان ۋە شەيتانلىرى بىلەن خان باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ ـ دە، ئالدارنى تېپىپ، ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. تۆت خاننىڭ ياساۋۇللىرىدىن ۋە ئەلنى يەپ قورۇتقان ئالا قانات قۇلاق كەستىلەردىن بولۇپ 60 كىشى تاللىنىپتۇ، ھەممىسگە ئالا چاپان كىيدۈرۈلۈپتۇ، ئۇلار ئالدارنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇزۇن قۇلاقلىرىدىن ئاڭلىغاچان ئۇققان ئالدار يۇرت ئەھلىنى يىغىپ، يەتتە قوي سويۇپ، زىياپەت بېرىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، — دەپتۇ ئالدار، — « رىزقىم سۈرەپ ئاراڭلارغا كېلىپ، ھۆرمىتىڭلارغا ئىگە بولغان بىر مېھمان ئىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ئەزرائىل كېلىپ بىر يېرىم كۈنلۈك ئۆمرۈڭ قالدى، ئۆزۈڭنى غەملەپ، تەييارلىق قىلغاچ تۇر » دەيدۇ،

« غەم » دېگەندە ئۇ دۇنياغا قازان ـ قومۇچنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك . مۇشۇ ئولتۇرغان كۆپچىلىك بىلەن بىرلىشىپ ، ئۆزۈمنىڭ گۆرىنى كولىۋالاي دەيمەن . ئۆلگەندىن كېيىن يۇيۇپ ـ تاراپ ھېچكىممۇ ئاۋارە بولمىسۇن ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم يۇيۇپ ، كېپىنىمنىمۇ كىيىۋالاي . بۈگۈن گۆرۈمنى قازاي دەپ يەتتە قوي سويدۇم . بۇ ، خوشلىششىم . ئەتە جېنىم چىقىدىغان چاغدا يەنە يەتتە قوي سويىمەن ، ئۇ ئىسقاتلىرىم بولىدۇ . نەزىرىمنى ، قىرقىمنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن باللىرىم بېرىدۇ . ئۇ مېنىڭ قەرزىم ئەمەس . قېنى ئەمىسە ، يۈرۈڭلار ، گۆر كولايلى !

زىياپەتكە يىغىلغانلار ھەيران قاپتۇ . ئالدار ئورمان ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكتىن جاي كۆرسىتىپ « مېنىڭ گۆرۈم مۇشۇ يەردىن كولانسۇن ! » ، « بىر ئۆمۈر تۈڭلۈكلۈك كىگىز ئۆيدە ياشىدىم ، گۆرۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولسۇن » ـــ دەپ گۆرىنى يۇملاق كولتىپ ، ئۈستىگە تۈڭلۈك ، يېنىغا ئىشىك قويغۇزۇپتۇ ـ دە ، ياپتۇرۇپتۇ . كېچىسى گۆرىگە ئۇن كۈنگىچە بىمالال يەتكۈدەك يېمەك ـ ئىچمەك ، ئوتۇن ، چاقماق تاش ، پاختا قاتارلىق لازىمەتلىكلىرىنى ئەپ كىرىپ قويۇپتۇ . ئەتىسى جامائەتنى يىغىپ ، يەتتە قوي سويۇپ بېرىپ خوشلىشىپتۇ . كىيىپ يۈرگەن كىيىملىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۈلەشتۈرۈۋېتىپ ، ئۇچىسىغا ئاق كېپەن كىيىپتۇ ـ دە ، خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپ ، گۆرىگە كىرىپ تۇرۇپ جامائەتكە :

ـــ ئەمدى ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ ، خەتمىقۇرئان قىلىۋېتىپ ئۆيۈڭلارغا قايتىۋېرىڭلار ، ـــ دەپتۇ . ئۇزۇن ئايەت ئوقۇلۇپتۇ . خوتۇن ـ باللىرى يىغلىشىپتۇ . موللىلار ، قارىيلار ئالدارنىڭ ئۆيىدە 30 پارە قۇرئاننى ئوقۇپ تۈگىتىپتۇ . ئالدارنىڭ يەتتىسىنى

بىرنۋاتقان كۈنى 60 ياشاۋۇلمۇ يېتىپ كەپتۇ .

— بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سوراپتۇ يىراقتىن كەلگەنلەر . جامائەت ئۇلارغا :

— ئالدار دېگەن ئاق كۆڭۈل بىر كىشىمىز قازا قىلىپ كېتىۋىدى ، شۇنىڭ يەتتىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز ، دەپتىكەن . ئۇلار :

— ئاللاھۇئەكبەر ، قولىمىزغا تىرىك چۇشمەي كېتىپتۇ - دە ، — دېيىشىپ ئارماندا قېلىشىپتۇ .

— يۇرۇڭلار ، ئۇنىڭ گۆرىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈپ باقايلى ! — دەپتۇ ئارىدىن بىرسى ، باشقىلارمۇ ماقۇل كۆرۈپ ، ئالدارنىڭ قەبرىسىگە كەپتۇ . تۆپىسىگە چىقىپ تۈگلۈكنى كۆرۈپتۇ . ئۇلار :

— ياپاللا ، خۇدايىمنىڭ ماۋۇ كارامىتىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ بۇنىڭ گۆرىدىن تۈتۈن چىقىۋاتامدۇ ؟ مانا قاراڭلار ! خۇدايىمنىڭ نۇرغۇن مۆمىن بەندىلىرىنى زار قاقشىتىۋىدى ، مانا ئەمدى دوزاختا كۆيۈۋېتىپتۇ - دە ، بەچچىغەر . بۇنىڭ قەبرىسى بېشىغا ھەممىمىز بىردىن ئولتۇرۇپ قويۇپ كەتمەيمىزمۇ ؟ — دېيىشىپتۇ .

— قېنى ئەمسە ، باشلىدۇق ، — دەپتۇ كاتتىسى .

بىرى گۆرنىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈككە كېلىپ شۇنداق ئولتۇرۇشىغا يېنىپ تۇرغان چوغ كۆسەي كۆتىگە پىژژىدە قىلىپ يېقىلىپتىكەن ، ئۇ ئىشتىنىنى كۆتۈرگىنىچە بەدەر قېچىپتۇ .

— بولدۇڭمۇ ؟ — دەپتۇ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىرسى . ئۇمۇ ئىلگىرىكىسىدىن بەتتەررەك ئەدەبلىنىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆتىگە تامغا باستۇرۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىشىش ئازابىدىن ھەرقانچە قىينالسىمۇ ، ھېچكىمگە كۆرۈنەلمەي ، يا ئاتقا مىنەلمەي ، يا ئولتۇرالماي ، ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ بىر

كۆلنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئاتلىرىنى ھاردۇق ئالدۇرۇپتۇ ۋە بولالماي ئۇلارنى سويۇپ يەپتۇ. يارىلىرى ساقايغۇچە شۇ يەردە يېتىپتۇ ـ دە، ساقايغاندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ خان ئوردىسىغا كەپتۇ.

ئۇلار دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئۆز خانىنىڭ خېتىنى بۇ ئۆلكىنىڭ خانىغا كۆرسىتىۋاتقاندا، ئۇچىسىغا ئاجايىپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن سالاپەتلىك باي بىر ئادەم ئوردىغا كىرىش ئۇچۇن رۇخسەت سوراپتۇ. يېپەك يوپۇقلۇق ئات مىنگەن ئۇ كىشىنى خان ئۆزى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. سارايىنىڭ تۆرىدىكى قوش قەۋەت كۆرپە ـ پاياندار ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، شېرىن ـ شەربەتلەرنى ئالدىغا قويۇپ، كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك خان جانابلىرى! كۆپنى كۆرگەنلەر ئېلىدىكى كۆسەيباي دېگەن بىر باي ئىدىم. دادامدىن ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيادىن باشقا يەنە 600 قۇل مىراس قالغان ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 60 بۇزۇق قېچىپ، مۆمىن بىچارىلەرنى ئەلدىن بۇلاپ، كارۋاننى يولدىن تالاپ قاراقچى بولۇپ كەتتى. شۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئوردىلىرىغا كېلىپ قالدىم. ئۇ 60 قاچقۇن مانا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ كاسىسىدا تامغا ئىزى بار. ئىشەنمىسىلە ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ كۆرسىلە؟ ماۋۇ پالانى خانىنىڭ ئېلىدىن، ماۋۇ پوكۇنى خانىنىڭ ئېلىدىن سېتىۋېلىنغان... بۇلارنىڭ كاسىسىغا مانا مۇشۇ كۆسەي بىلەن تامغا باسقان ئىدىم، — دەپ كۆسەينى خانىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. خان خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇپ، ھەممىسىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ كۆرسە، راست تامغىسى بار ئىكەن. خان ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، قاتتىق قەھرىگە كەپتۇ ـ دە، ھەممىسىنى

زىندانغا تاشلاپ :

— ھە ، باي ، ئەمدى نېمە دەيسىز ؟ ھەممىسىنى باغلاپ ئۆز ئېلىڭىزگە يەتكۈزۈپ بېرەيمۇ ياكى يىراقتا ئېلىپ كېتىدىغانلارغا سېتىپ ئالتۇننى يىغىپ بېرەيمۇ ؟ — دەپتۇ .

— تەقسىر ، بۇ ئالا قاناتلار ئۇ يەرگە بارغىنى بىلەن يەنە تىنىچ تۇرۇشمايدۇ ، سېتىپ پۇلىنى بەرسىلە بولامدىكىن دەيمەنا ، — دەپتۇ ئالدار .

شۇ كۈنلەردە ئەل بۇلايدىغان بىر پادىشاھ ئوغرىلار بىلەن قاراقچىلاردىن نۆكەر يىغىش ئۈچۈن شۇنداق ئادەملەرنى سېتىۋېلىۋاتقان ئىكەن . ئۇ پادىشاھنىڭ سودىگەرلىرى مۇشۇ خاننىڭ ئېلىگە كېلىپ ، ھېلىقى 60 ئادەمنى بىر خالتا تىللا بېرىپ سېتىۋاپتۇ . ئالدار ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، كېيىنكى خاننىڭ ئوردىسىدىن چىققاندىن كېيىن « كۆسەي » دېگەن لەقەم قوشۇلۇپ ، « كۆسەي » دېگەن گەپ كېيىنچە خەلق تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ ، بۇزۇپ ئېيتىلىپ يۈرۈپ ، ئالدار كوسا بولۇپ سىڭىپ كەتكەن ئىكەن . ئەمما ، ئۇ ئۆزى كوسا ئەمەس ئىكەن .

# ئالدارنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيتى ۋە ئېسىل خەزىنىسى

ياخشى كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئالدار يىراق سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. يولغا كېرەكلىك يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنى هازىرلاپ، يەتتە قاپ يېمشنى قىرنىڭ بېشىغا ئېلىپ چىقىپتۇ، ئۇلارنى ئۆلەشتۈرۈش ئۈچۈن يۇرتنىڭ بارلىق باللىرىنى چاقىرىپ ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يېمىشكە تازا تويغۇزۇپتۇ. ئۆزى بولسا باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— ھەي ئەزىز ئەۋلادلىرىم، ئۆمرۈم دەرىخىدىكى سۈنماس پۇتاقلىرىم! ئېگىلمەس كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى سىلەر، مەن ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتىمەن. ئەمدى خېلى ئۇزاققىچە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولالمايمەن. مەن خەلقنى ئالدىغان بۇلاڭچىلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلىپ كەلدىم. خانلار ئەلنى ئايىماي تالاپ ئالتۇن يىغدى، مەن ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرىنى قويماي قايتۇرۇۋالدىم. سودىگەرلەر ئەلنى ئالداپ بىر تەڭگىلەپ ئالغان ئىدى، مەن ئۇلاردىن 1000 تىللالاپ ئالدىم. بايلاردىن پاتۇرۇپ ئالدىم. جازانىخورلارنىڭ جاجىسىنى بەردىم. ئالدامچىلارنىڭ تاپاۋەت دەسمايىلىرىگە قوشۇپ ئالداش ئەسۋابلىرىنىمۇ ئالدىم.

شەيتانلارنىڭ سېھرلىك ئېسىل تېشىغا قوشۇپ سىرلىق نىقابىنى ئالدىم . 40 خان ، 714 باي ، سان ـ ساناقسىز سودىگەرلەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ ، يىراقتىكى ئالتۇن ئامبارغا ئاپىرىپ توپلىدىم . ئەمدى سىلەر ، ئەزىز ئەۋلادلىرىم ، ئۇ بايلىقنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرسىلەر ، خەلق مۈلكىنىڭ بىرەر يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنى ئۆزۈمنىڭكى قىلىۋېلىشنى ۋىجدانىم راۋا كۆرمىدى . « غەنىيمەت » دەپ بىرەر قولياغلىقنىمۇ زايە قىلماستىن كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمي مۈلكى قاتارىغا قويدۇم . ئەمدى ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئۇسۇلىنى سىلەرگە ئېيتاي ، ھەممىڭلار ئوبدان تىڭشاڭلار ! ھەممىڭلار تاپالمىغان تەقدىردىمۇ بىرەرسىڭلار تاپارسىلەر . مانا كۈنمۇ چىقتى . ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن كۈننى كۆرۈۋاتامسىلەر ، ئەزىمەتلىرىم ...

— كۆرۈۋاتىمىز ، ئاتا ... كۆرۈۋاتىمىز ، — دەپ باللار چۇرۇلدىشىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ ئالدار ، — مۇشۇ نۇرلۇق كۈن سىلەرنى يولدىن ئازغاشتۇرماي ئالغا باشلايدىغان يولباشچىڭلار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭلار ! كۈنگە ئەگىشىپ يۈرۈۋېرىڭلار ! كەچ بولسا يېتىڭلار ، كۈن چىقسا توختىماي مېڭىۋېرىڭلار ! شۇ كۈن سىلەرنى ئالتۇن ئىشىكلىك سارايغا باشلاپ بارىدۇ . ئۇ سارايىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە « ئالدار توپلىغان جامائەتنىڭ ئېسىل خەزىنىسى » دېگەن چىرايلىق خەت بار . شۇ يەرگە يەتكۈچە ھەرگىز ھاردىم ـ تالدىم دېمەڭلار ! يولدا يولۇققان ئەلنىڭ بالىسىغا قوشۇلۇۋېرىڭلار ! قوشۇلۇۋېرىڭلار ! كۆپەيگەنسېرى كۈچىيىۋېرىڭلار ! كۈچلۈك بولساڭلار ، مەنزىلگە پات يېتىسىلەر . باللىرىم ، ئۆمرۈڭلار ئۇزاق ، بىرلىكىڭلار مەھكەم بولسۇن !

本书选录哈萨克笑话大师阿里达尔括萨代表性的笑话作品15篇，作品揭露社会种种不良现象和思想。

جاۋابكار مۇھەررىرى : ئەنۋەر ھېكىم
جاۋابكار كوررېكتورى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : ئارزۇگۈل سىدىق

# ئالدار كوسا لەتىپىلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×778مم 32 / 1 ، باسما تاۋىقى : 2.5
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 3070 —— 1

ISBN7 — 5373 — 0879 — /I.247
باھاسى : 4.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-0879-9

9 787537 308793 >

ISBN 7 — 5373 — 0879 — 9

باھاسى : 4.00 يۈەن I. 247(民文)